# ئىزدىنىش

(تاللانما)

6 1997

# ئىزدىنىش

(تاللانما) 1997-يىل 6-سان

(ئومۇمىي 108-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)


**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1997-يىللىق 7-، 8-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

---

## مۇندەرىجە


**ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسەتنى تەكىتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش—**
**پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىدۇر......................................... شىڭ بىسى (2)**

**پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاپ، دۆلەت كارخانىلىرىنى گۈللەندۇرەيلى**
—چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى 100 دۆلەت كارخانىسىدىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى
ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە مۇلاھىزە ......................................... **چېڭ ۋېيگاۋ(23)**

يېڭى دەۋردىكى مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى
......................................................................... **بۇ خې(34)**

قىممەتلىك ئىزدىنىش ......................................... **شيۇ مۇ(46)**


**★6-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**

---


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى

بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013

مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498

تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى

باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى

باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى

ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار

پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى

چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»خەت ساندۇقى)

# ئۆگنىشنى تەكتلەش، سىياسەتنى تەكتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكتلەش—پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىدۇر

**شىڭ بىسى**

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى تەشۋىقات بۆلۈمى تۈزگەن «ئۆگىنىشنى تەكتـ-لەش، سىياسەتنى تەكتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكتلەش ھەققىدە» دېگەن كىتابتا پارتىيىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىك يادروسى—ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىننىڭ ئۆگىنىشنى تەكتلەش، سىياسەتنى تەكتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكتلەش توغرىسىدىكى بىر قاتار مۇھىم باياناتلىرى توپلانغان بولۇپ، ئۇ يېڭى دەۋردە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىغا، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىغا پارتىيىۋىلىك تەربىيىسى، پارتىيە ئۇسلۇبى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بىر ياخشى ماتېرىيال بىلەن تەمىن ئەتتى.

ئۆگىنىشنى تەكتلەش، سىياسەتنى تەكتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكتلەش—پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، پارتىيىنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ ھەققىي مەنبەسىدۇر. ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە، پارتىيىمىزنىڭ ئۆگىنىشنى تەكتلەش، سىياسەتنى تەكتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكتلەشتە كۆزلىگەن مۇھىم نۇقتىلىرى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ھەممە دەۋرلەردە بۇ ”ئۈچنى تەكتلەش“نى دۈشمەن ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش، قىيىنچىلىقنى يېڭىش، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشتىكى مەنىۋى قورال قىلىپ كەلدى.

## 1

پارتىيىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىك يادروسىنىڭ ئۆگىنىشنى تەكتلەش توغرىسىدىكى باياناتلىرى ناھايىتى كۆپ، چېتىلىدىغان تەرەپلىرىمۇ ناھايىتى كەڭ. مەسىلەن، ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ ۋە جياڭ زېمىن ئۈچىلىسى كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ مەدەنىيەت ئۆگىنىشى، تارىخ ئۆگىنىشى، ئىلىم-پەن ئۆگىنىشى لازىملىقىنى ئېيتقاندى؛ دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئاز-تولا زامانىۋى باشقۇرۇش بىلىملىرىنى ئۆگىنىۋې-

---

لىشى كېرەكلىكىنىمۇ ئېيتتى. لېكىن، ئۇلارنىڭ ئەڭ كۆپ، ئەڭ گەۋدىلىك تەكىتلىگىنى نەزەرىيىنى ئۆگىنىش يەنى ماركسىزمنى ئۆگىنىشتىن ئىبارەت بولدى. بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بۇنى پارتىيىمىزنىڭ خاراكتېرى ۋە ئۈستىگە ئالغان تارىخىي ۋەزىپىسى بەلگىلىگەن.

كومپارتىيە—ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئاۋانگارت ئەترىتى، ئۇ ئىشچىلار سىنىپىنى ئازاد قىلىش ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئازاد قىلىشنى ئۆزىنىڭ تارىخىي ۋەزىپىسى قىلغان. بۇ پارتىيىگە ئەزا بولغان كىشى پارتىيىگە كىرگەن بىرىنچى كۈنىدىن باشلاپلا پارتىيىنىڭ ئالىي پروگراممىسى كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىشى، ئاڭلىق كوممۇنىزم جەڭچىسى بولۇپ چىقىشقا تىرىشىشى كېرەك. ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋردە، پارتىيىنىڭ يەنە شۇ دەۋردىكى كۈرەش نىشانىغا ماس كېلىدىغان كونكرېت پروگراممىسى بولغاچقا، ھەربىر پارتىيە ئەزاسى يەنە پارتىيىنىڭ كونكرېت پروگراممىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشى كېرەك. پارتىيىنىڭ ئالىي پروگراممىسى بولسۇن ياكى پارتىيىنىڭ كونكرېت پروگراممىسى بولسۇن، ئۇنى ئاددىي سىنىپىي ھېسسىيات بىلەن، بىر دەملىك ئىنقىلابىي قىزغىنلىق بىلەن ئىشقا ئاشۇرغىلى بولمايدۇ. پەقەت يۈكسەك دەرىجىدىكى سىياسىي ئاڭ—سېزىم ئارقىلىقلا ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئاڭ—سېزىم نەدىن كېلىدۇ؟ پەقەتلا ئۆگىنىشتىن، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ نەزەرىيىۋى قورالى بولغان ماركسىزمنى ئۆگىنىشتىن كېلىدۇ. ماركسىزم، ماۋ زېدۇڭنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتقاندا، "پۈتۈن دۇنيا پرولېتارلىرىنىڭ ئەڭ توغرا، ئەڭ ئىنقىلابىي بولغان ئىلمىي ئىدىيىسىنىڭ جەۋھىرى"دىن ئىبارەت. پەقەت ماركسىزمنى ئۆگەنگەندىلا، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىلىك كادىرلار جەمئىيەت تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى چۈشىنەلەيدۇ، كاپىتالىزمنىڭ ئورنىنى سوتسىيالىزمنىڭ ئېلىشى تارىخىي مۇقەررەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يېتەلەيدۇ ۋە بۇنىڭ بىلەن كوممۇنىزمغا، سوتسىيالىزمغا بولغان ئىشەنچىنى مۇستەھكەملىيەلەيدۇ. پەقەت ماركسىزمنى ئۆگەنگەندىلا، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى ۋە پارتىيىلىك كادىرلار پارتىيىنىڭ ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردە ئورۇندايدىغان ۋەزىپىلىرىنى چوڭقۇر چۈشىنەلەيدۇ، تۈرلۈك مۇرەككەپ ۋەزىيەت ئالدىدا يۆنىلىشتىن ئېزىپ قالماي، ئالغا ئىلگىرىلەش نىشانىنى باشتىن—ئاخىر كۆرەلەيدۇ.

ماركسىزم تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىلىم. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 40—يىللىرىدا ماركس، ئېنگېلس ماركسىزمنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەندىن بۇيان، بىر يېرىم ئەسىردەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. بۇ ئارىلىقتا، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتتە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى، تەبىئىي پەن ۋە ئىجتىمائىي پەنلەردە زور تەرەققىياتلار بولدى، ماركسىزممۇ يېڭى تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى، لېنىنىزم ۋۇجۇدقا كېلىپلا قالماي، بەلكى مەملىكىتىمىزدە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى شەكىللەندى. بىز بۈگۈنكى كۈندە ئېيتىۋاتقان ماركسىزمنى ئۆگىنىش ماركس—ئېنگېلسلارنىڭ تەلىماتىنى ئۆگىنىشنىمۇ، ماركسىزمنىڭ تەرەققىي قىلغان نەزەرىيىسىنى يەنى لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم

قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇلار بىرلىككە كەلگەن ئىلمىي سىستېمىدۇر. نۆۋەتتە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش تېخىمۇ زور رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى، پارتىيىنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى پۈتۈن پارتىيە ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى باشلاپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتۇر، ۋەھالەنكى، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ نەزەرىيىسى دەل ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ جۇڭگودىكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئۇ ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ ئەڭ يېڭى باسقۇچىدۇر. بۈگۈنكى كۈندە، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرغانلىقلا ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىدە ھەقىقىي چىڭ تۇرغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يولداش جياڭ زېمىننىڭ نۆۋەتتە نېمە ئۈچۈن يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويۇشىمىز توغرىسىدا ئېيتقان چوڭقۇر مەنىلىك بىر ئابزاس سۆزى بار. ئۇ مۇنداق دېدى: ”ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان ۋە ئىشىك ئېچىۋېتىلگەن 15 يىلدىن بۇيان، پارتىيىمىزنىڭ نەزەرىيە جەھەتتە قولغا كەلتۈرگەن ئەڭ زور مۇۋەپپەقىيىتى—ماركسىزمنىڭ ئاساسىي قائىدىلىرىنى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش يولىدىكى ئىككىنچى قېتىملىق تارىخىي خاراكتېرلىك سەكرەشتە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەنلىكىدىن ئىبارەت. بۇ نەزەرىيە جۇڭگودەك بۇنداق ئىقتىسادى، مەدەنىيىتى بىرقەدەر ئارقىدا قالغان دۆلەتتە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش، سوتسىيالىزمنى قانداق مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش توغرىسىدىكى بىر قاتار تۈپ مەسىلىلەرگە بىرقەدەر سىستېمىلىق ھالدا تۇنجى قېتىم جاۋاب بېرىپ، يېڭى ئىدىيە، نۇقتىئىنەزەر بىلەن ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىگە ۋارىسلىق قىلدى، ئۇنى بېيىتتى ۋە راۋاجلاندۇردى، ئۇ ماركسىزم بىلەن جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ ئەڭ يېڭى نەتىجىسى، ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزمىدۇر.“ («ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسەتنى تەكىتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش ھەققىدە»، 289—290-بەتلەر) دېمەك، نۆۋەتتە ئۆگىنىشنى تەكىتلەشتە، ئالدى بىلەن دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

پارتىيىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىك يادروسى ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشنى ئىزچىل تەكىتلەپ كەلدى. ماۋ زېدوڭ بىرمۇنچە ئەسەرلىرىدە، ماركسىزمنىڭ ئومۇمىي قائىدىلىرىنى جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىم، دەپ قايتا-قايتا تەكىتلىدى، ئۇ ماركسىزم نەزەرىيىسى بىلەن جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئوبرازلىق ھالدا ”ئوق بىلەن نىشان“نىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشىتىپ، ماركسىزمدىن ئىبارەت بۇ ئوقنى جۇڭگو ئىنقىلابىدىن ئىبارەت بۇ نىشانغا ئېتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ماۋ زېدوڭ مۇنداق دېدى: ”ماركسىزم-لېنىنىزمنىڭ ئۇلۇغ قۇدرىتى ئۇنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ كونكرېت ئىنقىلابىي ئەمەلىيىتى

بىلەن باغلىنىشلىق بولغانلىقىدا. جۇڭگو كومپارتىيىسىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ماركسىزم-لېنىنىزم نەزەرىيىسىنى جۇڭگونىڭ كونكرېت مۇھىتىغا تەتبىقلاشنى ئۆگىنىۋېلىشى لازىم. ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ قالغان ۋە بۇ مىللەت بىلەن قان بىلەن گۆشتەك يېقىن مۇناسىۋەت باغلىغان كومپارتىيە ئەزالىرى جۇڭگونىڭ ئالاھىدىلىكىدىن ئايرىلغان ھالدا ماركسىزمنى سۆزلىسە، ئۇنىڭ ئاغزىدىكى ماركسىزم پەقەت ئابستراكت، قۇرۇق ماركسىزمدىن ئىبارەت، خالاس. شۇڭا، ماركسىزمنى جۇڭگودا كونكرېتلاشتۇرۇش، ئۇنى ئۆزىنىڭ ھەر بىر ئىپادىسىدە كەم بولسا بولمايدىغان جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىش، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى جۇڭگونىڭ خۇسۇسىيىتى بويىچە قوللىنىش پۈتۈن پارتىيىنىڭ جىددىي چۈشىنىشى ۋە جىددىي ھەل قىلىشى كېرەك بولغان مەسىلە بولۇپ قالدى.» («ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسەتنى تەكىتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش ھەققىدە»، 62-بەت)

بىر مەزگىل پارتىيە ئىچىدە ھۆكۈمرانلىق ئورنىدا تۇرغان دوگمىچىلار ماركسىزمغا بۇنداق پوزىتسىيە تۇتمىدى. ئۇلار جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىگە قارىماي، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنى ئاساس قىلماي، ماركسىزم-لېنىنىزم ئەسەرلىرىنى ئۆز پېتىچە كۆچۈرۈپ كېلىپ قوللىنىۋەردى، ھەتتا ماركسىزم-لېنىنىزم ئەسەرلىرىدىكى بەزى سۆز-ئىبارىلەرنى تەدبىر بەلگىلەشنىڭ ئاساسى قىلىۋالدى، نەتىجىدە جۇڭگو ئىنقىلابىنى ئېغىر ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچراتتى. خۇددى يولداش ماۋ زېدۇڭ يەنئەندىكى ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى ۋاقتىدا كۆرسەتكەندەك، دوگمىچىلىق — ئۆگىنىش ئىستىلى ساپ بولماسلىقنىڭ ئىپادىسىدۇر. بۇنداق خاتا نەرسىلەر تارقالسا، بىرىنچىدىن پارتىيىگە، ئىككىنچىدىن ئىنقىلابقا زىيان يەتكۈزىدۇ. يولداش ماۋ زېدۇڭ بىزگە ماركسىزمغا ئىجادچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان شانلىق ئۈلگىنى تىكلەپ بەردى، پارتىيىمىزگە نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلايدىغان ياخشى ئۆگىنىش ئىستىلىنى يارىتىپ بەردى. بۇ خىل ئۆگىنىش ئىستىلى پارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا قالدۇ ھەمدە تېخىمۇ نۇرلاندۇرۇلىدۇ.

ماۋ زېدۇڭغا ئوخشاشلا دېڭ شياۋپىڭمۇ نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ، ماركسىزم جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلۈشى كېرەك، پەقەت جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈلگەن ماركسىزملا بىز موھتاج بولۇۋاتقان ھەقىقىي ماركسىزمدۇر، دەپ كۆرسەتتى. ئۇ، نۆۋەتتە بىز ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىشتە، ئۇنى ئېلىمىز سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈشكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز، بۇرۇنقى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش ئاساسىدا نېمىنىڭ ماركسىزم ئىكەنلىكىنى، نېمىنىڭ سوتسىيالىزم ئىكەنلىكىنى ۋە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەكلىكىنى يېڭىباشتىن تونۇۋېلىشىمىز لازىم، بۇ ئەمەلىيەتتە ماركسىزم، ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى ئۈستىدىكى بىر قېتىملىق قايتا ئۆگىنىش

بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، دەپ تەكىتلىدى. بىزنىڭ بۇرۇن ماركسىزمغا توغرا مۇئامىلە قىلالمىغانلىقىمىزنى كۆزدە تۇتۇپ، يولداش دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېدى: ”ماركس ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى 100 يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتا، زادى قانداق ئۆزگىرىش بولدى، ئۆزگىرىش بولۇۋاتقان شارائىتتا ماركسىزمنى قانداق چۈشىنىش ۋە قانداق راۋاجلاندۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلىلەر ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىنمىدى. ماركستىن، ئۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى يۈز يىل، نەچچە يۈز يىل ئىچىدە تۇغۇلغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، نەق جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. لېنىنغىمۇ ۋاپات بولغاندىن كېيىنكى 50 يىل، 100 يىل ئىچىدە تۇغۇلغان مەسىلىلەرگە نەق جاۋاب بېرىش ۋەزىپىسىنى ئارتقىلى بولمايدۇ. ھەقىقىي ماركسىزم–لېنىنىزمچى بولغان كىشى ماركسىزم–لېنىنىزمنى ھازىرقى ئەھۋالغا ئاساسلىنىپ تونۇشى، داۋاملاشتۇرۇشى ۋە راۋاجلاندۇرۇشى كېرەك.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3–توم، 599–بەت) پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىنى ئىزدەش داۋامىدا، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ماركسىزم–لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە مۇئامىلە قىلىشتىكى بۇ خىل يېڭىلىق يارىتىش روھى تولۇق نامايان قىلىندى. ئۇ جاراڭلىق سۆز بىلەن ”ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش“ شوئارىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، سوتسىيالىزمغا بولغان تونۇش مەسىلىسىدىمۇ ئىدىيىنى ئازاد قىلىش لازىملىقىنى ئېنىق قىلىپ كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇ پۈتۈن پارتىيىگە، ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئىدىيىسىنى چۆرۈپ تاشلاشقا بولمايدۇ، بۇرۇن ئۇنۇم بەرگەن نەرسىلەردە چىڭ تۇرۇش لازىم، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەجداتلىرىمىز سۆزلەپ باقمىغان يېڭى سۆزلەرنى سۆزلەشكە جۈرئەت قىلىشىمىز، ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۈنۈمسىزلىكى ھەتتا زىيانلىقلىقى ئىسپاتلانغان پرىنسىپ، سىياسەت، تۈزۈلمە، ئۇسۇل قاتارلىقلارنى تاشلىۋېتىشكە جۈرئەت قىلىشىمىز لازىم، دەپ ئاگاھلاندۇردى. دېڭ شياۋپىڭ بۇرۇنقى خېلى ئۇزاق مەزگىلدە پارتىيە ئىچىدە ساقلىنىپ كەلگەن ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە تۇتۇلغان ناتوغرا پوزىتسىيىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر تەرەپتىن ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى چۆرۈپ تاشلاشقا بولمايدىغانلىقىنى، ماۋ زېدۇڭ ۋە ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى تامامەن ئىنكار قىلىشنىڭ پۈتۈنلەي خاتا ئىكەنلىكىنى تەكىتلىدى؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇ ماۋ زېدۇڭغا خۇراپىيلارچە چوقۇنۇشقا، ”ئىككى ئومۇمەن“نى يولغا قويۇشقا قارشى تۇرۇپ، ”ئىككى ئومۇمەن“نىڭ ماركسىزمغا ئۇيغۇن ئەمەسلىكىنى كەسكىنلىك بىلەن كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇ، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ئەتراپلىق، توغرا ئىگەللەشنى، ئىلمىي سىستېما بولغان ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى ماۋ زېدۇڭنىڭ ئۆمرىنىڭ ئاخىرىدىكى خاتالىقلىرىدىن پەرقلەندۈرۈشنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئۇ ئالاھىدە تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ”ئەگەر بىر پارتىيە، بىر دۆلەت، بىر مىللەت ھەممىدە كىتابنى ئاساس قىلىدىغان، ئىدىيىدە قاتماللىشىپ قالىدىغان، خۇراپىيلىقنى ئەۋج ئالدۇرىدىغان بولسا، ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ، ھاياتى توختايدۇ، پارتىيە ۋە دۆلەت مۇنقەرز بولىدۇ. بۇنى يولداش ماۋ زېدۇڭ ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتىدە قايتا–قايتا تىلغا ئالغانىدى. ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ،

ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرغان، ھەممە ئىشتا ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرگەن چاغدىلا، ئاندىن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىمىزنى ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بارغىلى بولىدۇ، ئاندىن پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئاساسىدىكى نەزەرىيىسىنىمۇ ئوڭۇشلۇق راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ.” («ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسەتنى تەكىتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش ھەققىدە» ، 113-بەت) يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىگە توغرا مۇئامىلە قىلىش جەھەتتىكى ئۈلگىسى بولۇشقا مۇناسىپ.

ماركسىزمغا چوقۇم توغرا پوزىتسىيە تۇتۇش، ياخشى ئۆگىنىش ئىستىلىنى تۇرغۇزۇش مەسىلىسىدە، جياڭ زېمىن ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ بىلەن يىلتىزداشتۇر. يولداش جياڭ زېمىن ماركسىزمدىن ئىبارەت بۇ نەزەرىيىۋى قورالنى ھەقىقىي ئىگەللەش ئۈچۈن، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى ھەقىقىي ياخشى ھەل قىلىش لازىملىقىنى بىر قېتىم تەكىتلەش بىلەنلا توختاپ قالمىدى. ئۇ، ماركسىزمنىڭ ئەمەلىيەتتىن كەلگەن ۋە ئەمەلىيەت تەرىپىدىن ئىسپاتلانغان ئىلمىي نەزەرىيە ئىكەنلىكىنى، ئۇنى ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرگەندىلا، ئاندىن ھەقىقىي ئۆزلەشتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى، ئۇنى ھەقىقىي ياخشى قوللىنىش ئۈچۈنمۇ ئەمەلىيەت بىلەن بىرلەشتۈرۈش لازىملىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: ”پارتىيە تارىخىدىن قارىغاندا، نەزەرىيە ئەمەلىيەت بىلەن ياخشى بىرلەشتۈرۈلگەن چاغلاردا، پارتىيە ئىشلىرى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلانغان؛ ياخشى بىرلەشتۈرۈلمىگەن چاغلاردا، پارتىيە ئىشلىرى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغان. شۇڭا، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش زور سىياسىي مەسىلىدۇر. بۇ مەسىلىنى ياخشى ھەل قىلساق، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تېخىمۇ ئاڭلىق ۋە ئۈنۈملۈك ئىزچىللاشتۇرالايمىز، تۈرلۈك خاتا خاھىشلارنىڭ توسقۇنلۇقىنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، خىزمەت داۋامىدا بىر تەرەپلىمىلىك، مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىش ۋە ئوڭ-سولغا تەۋرىنىشلەرنىڭ كۆرۈلۈشىنى ئازايتالايمىز ۋە ئۇنىڭدىن ساقلىنالايمىز.” («ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسەتنى تەكىتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش ھەققىدە» ، 359-بەت) بۇنىڭدىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش-بىرلەشتۈرمەسلىك ئۆگىنىش ئىستىلى مەسىلىسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى سىياسىي پرىنسىپ مەسىلىسىدۇر. ماركسىزم نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتە، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسىنى ئەستايىدىل ھەل قىلىش پۈتۈن پارتىيە ئالدىغا قويۇلغان بىر تۈرلۈك تۈپ ۋەزىپىدۇر، ئىلگىرى ۋە ھازىر شۇنداق بولۇپلا قالماستىن، بۇنىڭدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولىدۇ.

2

پارتىيىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىك يادروسىنىڭ سىياسەتنى تەكىتلەش توغرىسىدا نۇرغۇن مۇپەسسەل

بايانلىرى بار. مەسلەن، ماۋ زېدۇڭنىڭ ”ئىدىيە ۋە سىياسەت—قوماندان ھەم جان“ دېگەن ھۆكۈمى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ ”ئىدىيىۋى، سىياسىي جەھەتتە تۈت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش لازىم“ دېگەن ھۆكۈمى، جياڭ زېمىننىڭ سىياسەتنى تەكىتلەش ”سىياسىي يۆنىلىش، سىياسىي مەيدان، سىياسىي نۇقتىئى-نەزەر، سىياسىي ئىنتىزام، سىياسىي پەرقلەندۈرۈش كۈچى، سىياسىي سەزگۈرلۈك“نى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەكلىكى توغرىسىدىكى ھۆكۈمى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلارنىڭ ھەممىسى سۆزى ئىخچام، مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر بايانلاردۇر. لېكىن، ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىنلارنىڭ سىياسەتنى تەكىتلەشتىكى ئەڭ ئالاھىدە يېرى ئۇلارنىڭ سىياسەتنى تەكىتلەشتە ئالدى بىلەن توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى ئىگىلەش، توغرا سىياسىي لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش كېرەك، دەپ قارىغانلىقىدىن ئىبارەت. بۇ نېمە ئۈچۈن؟ بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى، مەيلى ئىنقىلاب دەۋرىدە بولسۇن ياكى قۇرۇلۇش دەۋرىدە بولسۇن، توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى ئىگىلەش ئاساسىدا، توغرا سىياسىي لۇشيەننى شەكىللەندۈرۈش پارتىيىنىڭ كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ تۈپ كاپالىتى، پارتىيە ئىشلىرىنىڭ گۈللىنىشى، مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ ھالقىسى. دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە، پارتىيىمىز مىليونلىغان ئاممىنىڭ ئىنقىلابىي كۈرەش ئېلىپ بېرىشتىكى يولباشلامچىسى بولغانىدى، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدە، پارتىيىمىز مىليونلىغان ئاممىنىڭ ۋەتەننى گۈللەندۈرۈشتىكى يولباشلامچىسى بولۇپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئەگەر پارتىيىمىز توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى ئىگىلىيەلمىسە، توغرا سىياسىي لۇشيەندە چىڭ تۇرالمىسا، مۇقەررەر ھالدا مىليونلىغان ئاممىنى خاتا يولغا باشلاپ قويىدۇ. ماۋ زېدۇڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە مۇنداق دېگەنىدى: ”ئىنقىلابىي پارتىيە ئاممىنىڭ يولباشلامچىسى، ئىنقىلابتا ئىنقىلابىي پارتىيە خاتا يولغا باشلىسا، ئىنقىلاب مەغلۇپ بولماي قالمايدۇ.“ («ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، ئۇيغۇرچە 3-نەشرى، 1-توم، 3-بەت) بۇ سۆز قۇرۇلۇش دەۋرىگە ئوخشاشلا مۇۋاپىق كېلىدۇ. شۇڭا، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇش، توغرا سىياسىي لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەرنىڭ ھەممىسىدە ئەڭ چوڭ سىياسەت ھېسابلىنىدۇ. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى تەكىتلىگەندە، ئالدى بىلەن پارتىيىنىڭ سىياسىي يۆنىلىش ۋە سىياسىي لۇشيەن جەھەتتىكى رەھبەرلىكىنى تەكىتلەش كېرەك.

دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە، يولداش ماۋ زېدۇڭ پارتىيىمىزنىڭ توغرا سىياسىي يۆنىلىش ۋە توغرا سىياسىي لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش جەھەتتىكى ئاتاقلىق ۋەكىلى ئىدى. ئۇ ماركسىزم-لېنىنىزم قائىدىلىرىنى ئىجادچانلىق بىلەن جۇڭگونىڭ كونكرېت شارائىتىغا تەتبىقلىدى، ئۇ جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرى، ئىنقىلابنىڭ خاراكتېرى، ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقى، ئىنقىلابنىڭ ئىتتىپاقداش ئارمىيىسى ۋە ئىنقىلابنىڭ يولى قاتارلىق ئىنقىلابنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قاتار چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىلمىي تەھلىل ئېلىپ باردى. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: جۇڭگو جەمئىيىتىنىڭ خاراكتېرى يېرىم

مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق خاراكتېر ئىكەنلىكى، جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق زىددىيەت جاھانگىرلىك، فېئودالىزم ۋە بيۇروكرات كاپىتالىزم بىلەن خەلق ئاممىسى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىكەنلىكى، ئىنقىلابنىڭ ۋەزىپىسى ئۈچ چوڭ تاغنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئىكەنلىكى، ئىنقىلابنىڭ خاراكتېرى جاھانگىرلىككە، فېئودالىزمغا قارشى تۇرۇش ئىكەنلىكى تۈپەيلىدىن، بۇ ئىنقىلاب سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب بولماستىن، بەلكى دېموكراتىك ئىنقىلاب بولىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: جۇڭگو بۇرژۇئازىيىسىنىڭ تەرەققىي قىلمىغانلىقى، مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە مۇرەسسەچىلىكى تۈپەيلىدىن، بۇ دېموكراتىك ئىنقىلابقا بۇرژۇئازىيە ئەمەس، پرولېتارىياتلا رەھبەرلىك قىلالايدۇ، شۇڭا، ئۇ كونىچە بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى كاتېگورىيىسىگە كىرمەستىن، بەلكى يېڭىچە بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى كاتېگورىيىسىگە يەنى يېڭى دېموكراتىزملىق ئىنقىلاب كاتېگورىيىسىگە كىرىدۇ. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ئىنقىلابنىڭ يۆنىلىشىنى ئىگىلەش ئۈچۈن، پرولېتارىيات ئىنقىلاب داۋامىدا رەھبەرلىك ھوقۇقىنى مەھكەم تۇتۇشى كېرەك، پرولېتارىياتنىڭ بۇ ئىنقىلابتىكى ئاساسلىق ئىتتىپاقداش ئارمىيىسى دېھقانلاردۇر، مىللىي بۇرژۇئازىيىنىڭ گەرچە جاھانگىرلىك، فېئودالىزم، بيۇروكرات كاپىتالىزم بىلەن چەمبەرچەس مۇناسىۋىتى بولىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ يەنە ئۈچ چوڭ تاغنىڭ زۇلمىغا ئۇچرايدىغان بىر تەرىپىمۇ بار، شۇڭا ئۇمۇ پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابتىكى ئىتتىپاقدىشى ھېسابلىنىدۇ، لېكىن پرولېتارىيات ئۇنىڭ ئاجىزلىقى، تەۋرىنىشچانلىقى بىلەن كۈرەش قىلىشى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشىدىن ھوشيار بولۇشى كېرەك. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: جۇڭگونىڭ ئىنقىلابى غەربىي ياۋروپانىڭكىگە ئوخشىمىغان شارائىتتا ئېلىپ بېرىلىۋاتقانلىقى، جۇڭگو شەھەرلىرىدىكى ئىنقىلابىي كۈچ بىرقەدەر ئاجىز، جاھانگىرلىك، فېئودالىزم، بيۇروكرات كاپىتالىزمنىڭ ھۆكۈمرانلىق كۈچى ئىنتايىن زور بولغانلىقى ئۈچۈن، مەركىزىي شەھەرلەردە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈش ئارقىلىق ئىنقىلابنى يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈشتەك بۇنداق تىپىك غەربىي ياۋروپاچە ئىنقىلاب ئۇسۇلى ئەسقاتمايدۇ، جۇڭگو ئىنقىلابىدا ئۆزىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى چىقىش قىلىپ باشقىچە يولنى، يەنى ئەكسىيەتچىل كۈچلەرنىڭ ھۆكۈمرانلىقى بىرقەدەر ئاجىز بولغان يېزىلارنى ئۆزىمىزنىڭ ئاساسىي بازىسى قىلىپ، يېزىلار ئارقىلىق شەھەرلەرنى قورشاپ، ئەڭ ئاخىرىدا ئىنقىلابنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىنى تۇتۇشقا مەجبۇر بولدۇق. مانا بۇ ماۋ زېدۇڭنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزمنى جۇڭگو كونكرېت ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ شەكىللەندۈرگەن جۇڭگونىڭ دېموكراتىك ئىنقىلابى توغرىسىدىكى نەزەرىيىسى ۋە بۇ نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى سىياسىي لۇشيەندۇر. بۇنىڭ توغرا لۇشيەن، غەلىبە لۇشيەنى ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى. دېموكراتىك ئىنقىلاب باسقۇچىدا، سىياسەتنى تەكىتلەش، توغرا سىياسىي يۆنىلىشتە چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلەشتە، ئالدى بىلەن مۇشۇ سىياسىي لۇشيەندە چىڭ تۇرۇشنى تەكىتلەش لازىم ئىدى، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى قۇرۇلۇشى، تەشكىلىي قۇرۇلۇشى، ئىستىل قۇرۇلۇشى، پارتىيىنىڭ سىياسىي-ئىدىيىۋى خىزمىتى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى

مۇشۇ سىياسىي لۇشيەننى چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇلۇشى لازىم ئىدى.

ماۋ زېدۇڭ پارتىيىنىڭ دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدىكى توغرا سىياسىي يۆنىلىش ۋە توغرا سىياسىي لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن، كۆپچىلىكنىڭ بارىچە تۇرلۇك توسقۇنلۇقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئوڭچىل ۋە «سول»چىل ئاغمىچىلارغا قارشى ئىككى سەپتە كۆرەش ئېلىپ باردى. چېن دۇشيۇ ۋەكىللىكىدىكى ئوڭچىل ئاغمىچىلار، جۇڭگو ئىنقىلابىنىڭ خاراكتېرى بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى بولغانىكەن، ئۇنىڭغا بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلىشى كېرەك، دەپ ھېسابلىدى. ئوڭچىل ئاغمىچىلار ماۋ زېدۇڭنىڭ پرولېتارىيات ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىگەللىشى كېرەك دېگەن ھۆكۈمگە قارشى تۇرۇپ، ئىنقىلابنىڭ جىددىي پەيتىدە، ئىنقىلابنىڭ رەھبەرلىك ھوقۇقىنى ئىككى قوللاپ بۇرژۇئازىيىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، گومىنداڭ ئەكسىلئىنقىلابىي سىياسىي ئۆزگىرىش قوزغىشى ئۈچۈن ئاسانلىق تۇغدۇرۇپ بەردى. بۇنداق ئوڭ تەرەپتىن كەلگەن توسقۇنلۇق ئارقىسىدا، ئىنقىلاب نابۇت بولۇشقا تاس قالدى. ۋاڭ مىڭ ۋەكىللىكىدىكى «سول»چىل ئاغمىچىلار بولسا توغرا سىياسىي يۆنىلىش ۋە توغرا سىياسىي لۇشيەنگە يەنە بىر تەرەپتىن توسقۇنلۇق قىلدى. «سول»چىل ئاغمىچىلار جۇڭگونىڭ ئىجتىمائىي خاراكتېرى، سىنىپىي مۇناسىۋەت مەسىلىسىدە، كاپىتالىزمنىڭ جۇڭگودىكى سالمىقىنى، جۇڭگونىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئىنقىلابىدىكى بۇرژۇئازىيىگە قارشى كۆرەش، باي دېھقانلارغا قارشى كۆرەش ۋە ئاتالمىش «سوتسىيالىستىك ئىنقىلاب تەركىبى»نىڭ ئەھمىيىتىنى كۆپتۈرۈۋەتتى، ئىنقىلابنىڭ ۋەزىيىتى ۋە پارتىيىنىڭ ۋەزىپىسى مەسىلىسىدە بولسا، ئىنقىلابنىڭ مەملىكەت خاراكتېرلىك يۇقىرى دولقۇنىنى تەكىتلىدى ۋە پارتىيىنىڭ پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ھۇجۇم قىلىش لۇشيەنىنى قوللىنىشنى ئوتتۇرىغا قويدى، بۇنىڭ بىلەن ئىنقىلابنى قاتتىق زىيانغا ئۇچراتتى. «سول»چىل ئاغمىچىلار ئۆزىنى «ماركسىزمچى»، «يۈزدە يۈز بولشېۋىك» قىلىپ كۆرسەتكەنلىكتىن، ئىنتايىن زور ئالدامچىلىق خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئىنتايىن ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈردى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ھەددىدىن ئاشۇرۇۋېتىشمۇ، تېگىشلىك دەرىجىگە يەتكۈزمەسلىكمۇ توغرا سىياسىي يۆنىلىش ۋە سىياسىي لۇشيەنگە بولغان توسقۇنلۇق ھېسابلىنىدۇ. ئىنقىلابىي ۋەزىيەت يېتىپ كەلگەن چاغدا، پرولېتارىياتنى ئىنقىلابىي كۆرەش ئېلىپ بېرىشقا ئۇيۇشتۇرماسلىق ياكى ئىنقىلابتا رەھبەرلىك ھوقۇقىدىن ۋاز كېچىش توغرا سىياسىي يۆنىلىش ۋە سىياسىي لۇشيەنگە خىلاپلىق قىلغانلىق بولىدۇ؛ ئىنقىلاب تەرەققىي قىلىپ ئاشۇ باسقۇچقا يەتمەي تۇرۇپ، ئوبيېكتىپ تارىخىي شارائىتتىن ھالقىغان ھالدا، چېكىدىن ئاشقان ئىنقىلابىي شوئارلارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، چېكىدىن ئاشقان ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەرنى قوللىنىشمۇ ئوخشاشلا توغرا سىياسىي يۆنىلىش ۋە سىياسىي لۇشيەنگە توسقۇنلۇق قىلغانلىق بولىدۇ. دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە، پارتىيىمىز توغرا سىياسىي يۆنىلىش ۋە سىياسىي لۇشيەندە چىڭ تۇرۇش ئۈچۈن ئېغىر بەدەل تۆلىگەنىدى.

مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدىكى توغرا سىياسىي يۆنىلىشى ۋە سىياسىي لۇشيەنى-

نىڭ بەلگىلىنىشى بىر ئەگرى-بۈگرى جەرياننى بېشىدىن كەچۈردى. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ ئىشلەپچىقىرىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق ئىشلارنى راۋاجلاندۇرۇش، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش ۋە سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورنىتىش قاتارلىق جەھەتلەردە شانلىق نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭمۇ پۈتۈن پارتىيىگە باشلامچىلىق قىلىپ، مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى ئۈستىدە جاپالىق ئىزدىنىش ئېلىپ بارغان ھەمدە بەزى ئىجابىي يەكۈنلەرنى چىقارغانىدى. لېكىن خەلقئارا ۋەزىيەت، مەملىكەت ئىچىدىكى ۋەزىيەتنى توغرا مۆلچەرلىيەلمىگەنلىكتىن، بولۇپمۇ سوتسىيالىزم دېگەن نېمە ۋە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن بۇ تۈپ مەسىلىدە گاڭگىراش پەيدا بولغانلىقتىن، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش ئاساسىي جەھەتتىن ئورۇندالغان، قالاق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن خەلقنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي، مەدەنىي تۇرمۇش ئېھتىياجى ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت تېخىمۇ گەۋدىلىنىۋاتقان، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئارقىلىق بۇ زىددىيەتنى ھەل قىلىش لازىم بولۇۋاتقان پەيتتە، پارتىيە خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى سىنىپىي كۈرەش دەپ بەلگىلەپ قويۇپ، "سىنىپىي كۈرەشنى تۇتقا قىلىش"تىن ئىبارەت خاتا سىياسىي لۇشيەننى شەكىللەندۈردى ھەمدە بۇزغۇنچىلىق كۈچى ئىنتايىن زور بولغان "مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى"نى قوزغاپ، دۆلىتىمىزنى ۋەيران بولۇش گىردابىغا ئېلىپ باردى. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، خاتا يۆنىلىش ۋە خاتا لۇشيەن سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش دەۋرىدىمۇ ئوخشاشلا ئىنتايىن ئېغىر ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈردى.

سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشنىڭ يېڭى دەۋرىدە، يولداش دېڭ شياۋپىڭ پارتىيىمىزنىڭ توغرا سىياسىي يۆنىلىش ۋە سىياسىي لۇشيەندە چىڭ تۇرۇشتىكى ئاتاغلىق ۋەكىلى بولدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشى يول تاپالماي قىلىۋاتقان ۋاقىتتا، "ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش" روھى بويىچە، ئىلگىرىكى ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش ئاساسىدا، ئوچۇق ھالدا: بىزنىڭ ئىلگىرى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا نىشاندىن ئېزىپ كېتىشىمىزدىكى ئاچقۇچلۇق مەسىلە سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلىنى ھەقىقىي ئايدىڭلاشتۇرالمىغانلىقىمىزدا، دەپ كۆرسەتتى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىزم دېگەن نېمە ۋە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك دېگەن مەسىلىنى مەركەز قىلىپ تۇرۇپ، چوڭقۇر ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى بەرپا قىلدى. ئۇ تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش كېرەكلىكىنى تەكىتلەش بىلەن بىر ۋاقىتتا، تۆۋەندىكى مەسىلىلەرنى نۇقتىلىق شەرھلەپ ئۆتتى.

بىرىنچى، سوتسىيالىزمدا ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. بىز سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش تاماملانغاندىن كېيىن 20 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى

راۋاجلاندۇرۇشنى گەۋدىلىك ئورۇنغا قويالمىغانلىقىمىزدىكى سەۋەب شۇكى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش سوتسىيالىزمنىڭ باش ۋەزىپىسى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋالالمىدۇق، تەرەققىياتنىڭ چىڭ قائىدە ئىكەنلىكىنى، ئىنقىلابنىڭ سىنىپىي كۈرەش ئېلىپ بېرىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدىغانلىقىنى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى جەھەتتىكى ئىنقىلابنىڭمۇ ئىنقىلاب ئىكەنلىكىنى، بەلكى ئىنتايىن مۇھىم ئىنقىلاب ئىكەنلىكىنى، تارىخىي تەرەققىيات نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا ئەڭ تۈپ ئىنقىلاب ئىكەنلىكىنى چۈشەنمىدۇق. سوتسىيالىزمدا ئالدى بىلەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش كېرەك ئىكەن، تەرەققىيات چىڭ قائىدە بولغانىكەن، سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش تاماملانغاندىن كېيىنكى پۈتكۈل تارىخىي دەۋردە، سوتسىيا-لىزمنىڭ پۈتكۈل دەسلەپكى باسقۇچىدا، پارتىيىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى باشتىن-ئاخىر خىزمەتنىڭ مەرك-زى قىلىشى، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش-بولماسلىقنى، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش-بولماس-لىقنى، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق بولۇش-بولماسلىقنى بارلىق مەسىلە-لەرنى ئويلىنىشىمىزدىكى چىقىش نۇقتىسى ۋە بارلىق خىزمەتلەرنى تەكشۈرۈشىمىزدىكى تۈپ ئۆلچەم قىلىشى لازىم.

ئىككىنچى، سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئىسلاھات ئارقىلىق ئۆز-ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بېرىشى كېرەك. ئىلگىرىكى چۈشەنچە بويىچە، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە، ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ خاراكتېرىگە لايىق كېلىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەلق دېموكراتىيە دىكتاتۇرىسى-دىن ئىبارەت سىياسىي كاپالەت بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئاساسىي ئىجتىمائىي تۈزۈم جەھەتتىن توسالغۇ بولمايدۇ. ئەمەلىي ئەھۋال بۇنداق ئەمەس. دۆلىتىمىزدە گەرچە 1956-يىلى سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورنىتىلغان بولسىمۇ، بىراق ئۇزاق مۇددەتتىن بۇيان يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈمى يولغا قويۇلغاچقا، بۇ خىل تۈزۈلمىنىڭ ئۇزاق مۇددەت تەسىر كۆرسىتىشى بىلەن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا قاتتىق توسالغۇ بولدى. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولىدىغان ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئىسلاھ قىلىش ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش دۆلىتىمىز ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يولى بولۇپ قالدى. ئىسلاھاتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىشقا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا كۆرسىتىدىغان چوڭقۇر تەسىرىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇنى بىر قېتىملىق ئىنقىلاب، دۆلىتىمىزدىكى ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب دېمەي مۇمكىن ئەمەس؛ بىراق ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ خاراكتېرىدىن ئېيتقاندا، ئۇ سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئۆز-ئۆزىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ بېرىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئىسلاھات سوتسىيالىستىك تۈپ تۈزۈمنى ئۆزگەرتمەستىن، بەلكى كونكرېت ئىقتىسادىي

تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئىچكى جەھەتتە ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش بىلەنلا قالماي، يەنە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش كېرەك. چۈنكى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش بېكىنمە ھالەتتە ئېلىپ بېرىلىشقا بولمايدۇ، ئۇ چەت ئەللەرنىڭ تەجرىبىلىرىنى ئەينەك قىلىشقا، ئىنسانلار ئىجاد قىلغان بارلىق ئېسىل مەدەنىيەت مۇۋەپپەقىيەتلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئۆزىمىز ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشقا موھتاج. جۇڭگونىڭ تەرەققىياتى دۇنيادىن ئايرىلالمايدۇ، جۇڭگودەك مۇشۇنداق چوڭ دۆلەتتە قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىشتا، ئۆزىگە تايانماي بولمايدۇ، ئاساسلىقى ئۆزىگە تايىنىش كېرەك، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش دېگىنىمىز ئەنە شۇ. بىراق ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشتە چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرگە، يەنە چەت ئەللەرنىڭ مەبلىغىنى، تېخنىكىسىنى ۋە باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆزىمىزنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياردەم تەرىقىسىدە قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك. مانا بۇ ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش دېمەكتۇر.

ئۈچىنچى، سوتسىيالىزمدىمۇ بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويۇشقا بولىدۇ. ئۇزاقتىن بېرى، نەزەرىيە جەھەتتە بىزدە بىر خىل خاتا چۈشەنچە مەۋجۇت بولۇپ كەلدى، ئۇ بولسىمۇ پىلانلىق ئىگىلىك سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى، بازار ئىگىلىكى بولسا كاپىتالىزمنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى، دەيدىغان قاراشتىن ئىبارەت. بۇ ئەجداتلىرىمىزنىڭ تەلىماتىغا، سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ تەجرىبىلىرىگە دوگمىلارچە مۇئامىلە قىلغانلىقىمىزنىڭ نەتىجىسىدۇر. ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش پرىنسىپىغا ئاساسەن، سوتسىيالىزم دېگەن نېمە دېگەن مەسىلىگە قارىتىمۇ ئىدىيىدە ئازاد بولۇش كېرەك دېگەن ئىلمىي روھ بويىچە، سوتسىيالىزمنى بازار ئىگىلىكى بىلەن قارىمۇقارشى قىلىپ قويىدىغان ئەنئەنىۋى كۆزقاراشنى تۈگىتىشىمىز كېرەك. شۇنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەككى، پىلانلىق ئىگىلىكنىڭ سوتسىيالىزم بىلەن مۇقەررەر باغلىنىشى يوق، بازار ئىگىلىكىنىڭمۇ كاپىتالىزم بىلەن مۇقەررەر باغلىنىشى يوق، پىلانلىق ئىگىلىك بىلەن بازار ئىگىلىكى ئىجتىمائىي تۈزۈمنىڭ ماھىيىتىنى ئىپادىلىمەيدۇ، ئۇ پەقەت بىر خىل ئۇسۇل، بىر خىل ۋاستىدىن ئىبارەت. بازار ئىگىلىكى بىر خىل ئۇسۇل، بىر خىل ۋاستە بولغانىكەن، ئۇنداقتا كاپىتالىزممۇ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ، سوتسىيالىزممۇ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

تۆتىنچى، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش، ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئەڭ ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش نىشانىغا يېتىشتىن ئىبارەت. ئىلگىرى بىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىگە بولغان چۈشەنچىمىزدە بىر تەرەپلىمىلىك بار ئىدى، يەنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى بىلەن ئورتاق بېيىشنى ئۇنىڭدىن چىقىرىۋەتتۇق. سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى مۇنداق يىغىنچاقلىنىشى لازىم: ئۇ ھەم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى مەسىلىسىنى، ھەم سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ئاساس قىلىنغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت

مەسىلىسىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك؛ ھەم سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ تەرەققىيات نىشانىنى، ھەم مۇشۇ نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ماددىي ئاساسنى ئۆز ئىچىگە ئېلىشى كېرەك. ئورتاق بېيىش مەسىلىسى توغرىسىدا، ئىلگىرىكى سوتسىيالىزم تەبىرلىرىدە ئىنتايىن ئاز تىلغا ئېلىناتتى. شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەككى، نامراتلىقنى سوتسىيالىزم دېگىلى بولمايدۇ. نۇرغۇن يىللاردىن بېرى، سانسىزلىغان غايىلىك ۋە ئىرادىلىك كىشىلەر سوتسىيالىزم ئىشلىرى ئۈچۈن زور قۇربان بەردى، ئۇلار بۇنداق قىلىشتا ھەرگىز نامرات سوتسىيالىزمنى كۆزدە تۇتقان ئەمەس. ئەمما، سوتسىيالىزم تەلەپ قىلىدىغان بېيىش ئاز سانلىق كىشىلەرنىڭ بېيىشى ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل خەلقنىڭ بېيىشىدۇر، شۇڭا، ئۇ ئېكسپلاتاتسىيە تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنىڭ پەيدا بولۇشىغا يول قويمايدۇ. ھالبۇكى، ئېكسپلاتاتسىيىنى يوقىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئورتاق بېيىش نىشانىغا يېتىش ئۈچۈن، مۇئەييەن ماددىي شارائىتنى ھازىرلاش، مۇئەييەن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى سەۋىيىسىگە يېتىش كېرەك. سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىگە توغرا قاراشتا بولۇش كېرەك، سوتسىيالىزم بىلەن ئاتالغانلىكى نەرسىنى شەرەپلىك دەپ قاراشقا بولمايدۇ، دېمەك، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكىنى ئابستراكت ھالدا سۆزلەشكە بولمايدۇ. يۇقىرىدا ئېيتىلغاندەك سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئومۇميۈزلۈك ئىشقا ئاشۇرۇلغاندىلا، سوتسىيالىزمنىڭ ئەۋزەللىكى ھەقىقىي گەۋدىلىنىپ چىقىدۇ.

دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ھەم مۇشۇ نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە شەكىللەنگەن پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنى، يەنى "ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتە چىڭ تۇرۇش" لۇشيەنى بىزنىڭ نۆۋەتتىكى چىڭ ئىگەللىشىمىز كېرەك بولغان سىياسىي يۆنىلىشتۇر. يولداش جياڭ زېمىن «سىياسەتنى تەكىتلەش توغرىسىدا» دېگەن مۇھىم نۇتقىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىش بەلگىلەندى، بۇ پارتىيىمىز تارىخىي تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر يەكۈنلەش ئاساسىدا چىقارغان ستراتېگىيىلىك تەدبىردۇر، ئەمەلىيەت بۇ تەدبىرنىڭ تامامەن توغرىلىقىنى تولۇق ئىسپاتلىدى. ئىقتىساد— ئاساس، جۇڭگونىڭ بارلىق مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشتا، تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا، ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىش كېرەك. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈپ، جۇڭگونىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئۆزى ئەڭ زور سىياسەتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، ۋەزىيەتتە قانداق ئۆزگىرىش يۈز بەرسۇن، تاشقى دۈشمەننىڭ زور كۆلەمدە تاجاۋۇز قىلىشى يۈز بەرمىسىلا، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش پرىنسىپىدىن ھەرگىز تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرگە، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش

بىلەن ئىشىكنى ئېچىۋېتىشتىن ئىبارەت ‹ئىككى ئاساسىي نۇقتا› دا چىڭ تۇرۇش كېرەك. بۇمۇ ئەمەلىيەت تەرىپىدىن تولۇق ئىسپاتلانغان ئوبيېكتىپ ھەقىقەت. بۇ ‹ئىككى ئاساسىي نۇقتادا چىڭ تۇرۇشتىكى مەقسەت ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت مەركىزىي ۋەزىپىنىڭ ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئىشقا ئېشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈش. دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى ناھايىتى مۇۋەپپەقىيەتلىك بولدى، قەتئىي تەۋرەنمەستىن ئۇنى تېخىمۇ ياخشى يولغا قويۇپ، ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ھاياتىي كۈچىنى داۋاملىق ئاشۇرۇشىمىز كېرەك. تۆت ئاساسىي پرىنسىپ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشقا ۋە ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئەڭ تۈپ سىياسىي شەرت. پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە يۈز يىلغىچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش، جۈملىدىن بىر مەركەز ۋە ئىككى ئاساسىي نۇقتىدىن تەۋرەنمەسلىك كېرەك.“ («ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسەتنى تەكىتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش ھەققىدە»، 345-بەت) يولداش جياڭ زېمىننىڭ بۇ سۆزى نۆۋەتتە پارتىيىمىزنىڭ سىياسەتنى تەكىتلىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى ئىلمىي ئاساستا يىغىنچاقلاپ، پۈتۈن پارتىيە ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ يۆنىلىشنى چىڭ ئىگىلەش ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچتىكى ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇش ئۈچۈن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئوڭ ۋە ”سول“دىن كەلگەن كاشىلىلارنى تۈگىتىپ، ئىككى سەپتە كۆرەش ئېلىپ باردى. ئوڭدىن كەلگەن كاشىلا ئاساسەن بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش بولدى. ئۇ تۆت ئاساسىي پرىنسىپقا قارشى تۇرىدىغان، ئېلىمىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىنىڭ سوتسىيالىزم يۆنىلىشىنى بويلاپ تەرەققىي قىلىشىغا قارشى تۇرىدىغان خاتا پىكىر ئېقىمىدىن ئىبارەت. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدەك، ئەركىنلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇشتىن مەقسەت بىزنى كاپىتالىزم يولىغا باشلاشتىن ئىبارەت. دېڭ شياۋپىڭ بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇشنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى تەكىتلەپ مۇنداق دېدى: ”ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئىشىكنى ئېچىۋېتىشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا، تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشقا باشتىن-ئاخىر ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. پارتىيىنىڭ 12-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 6-ئومۇمىي يىغىنىدا بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈشكە قارشى تۇرۇشنى يەنە 20 يىل داۋاملاشتۇرۇش كېرەك، دەپ ئوتتۇرىغا قويغانىدىم، ھازىرقى ئەھۋالدىن قارىغاندا، 20 يىل ئازلىق قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ. بۇرژۇئاچە ئەركىنلەشتۈرۈش پىكىر ئېقىمى يامراپ كەتسە، ئىنتايىن يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىقىدۇ. ئالاھىدە رايوننىڭ قۇرۇلۇشىنى ئون نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئاران مۇشۇنچىلىك ھالغا كەلتۈردۇق، لېكىن، ئۇ بۇزۇلاي دېسە بىر كېچىدىلا بۇزۇلىدۇ. بۇزماق ئاسان، قۇرماق ناھايىتى تەس. مەسىلىنىڭ بىخى كۆرۈلگەندە، دىققەت قىلىنمىسا چاتاق پېقىدۇ.“ («ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسەتنى تەكىتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش ھەققىدە»، 227-بەت) ”سول“دىن كەلگەن كاشىلا

ئاساسەن بەزى كىشىلەرنىڭ ئەنئەنىۋى نەزەرىيىنىڭ، ئەنئەنىۋى تۈزۈلمىنىڭ ۋە ئادەت كۈچلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىغا، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىگە شەك كەلتۈرۈپ، ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈزۈلمىگە، ھازىرقى سىياسەتكە قارشى تۇرىدىغان بىرمۇنچە گەپ-سۆزلەرنى تارقاتقانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ مۇشۇ خىلدىكى "سول"چىل پىكىر ئېقىمىنىڭ زىيىنىنى كۆرسىتىپ مۇنداق دېدى: "ھازىر بىزگە ئوڭچىل نەرسىلەر تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ، 'سول' چىل نەرسىلەرمۇ تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ، لېكىن چوڭقۇر يىلتىز تارتقىنى يەنىلا 'سول' چىل نەرسىلەر. بەزى نەزەرىيىچىلەر، سىياسىي ئەربابلار كىشىلەرنى يوغان قالپاق بىلەن قورقىتىدۇ، ئوڭچىللىق قالپىقىنى ئەمەس، 'سول' چىللىق قالپىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىدۇ. 'سول' چىللىق ئىنقىلابىي تۈس ئالغان بولىدۇ، گويا قانچە 'سول' چىل بولسا، شۇنچە ئىنقىلابچىدەك كۆرۈنىدۇ. 'سول' چىل نەرسىلەر پارتىيىمىز تارىخىدا بەك دەھشەتلىك بولغانىدىغۇ! بىر ئوبدان نەرسىنى بىر يولىلا ئۇجۇقتۇرۇۋەتكەنىغۇ. ئوڭچىللىق سوتسىيالىزمنى نابۇت قىلىۋېتەلەيدۇ، 'سول' چىللىقمۇ سوتسىيالىزمنى نابۇت قىلىۋېتەلەيدۇ. جۇڭگودا ئوڭچىللىقتىن ھوشيار بولۇش، ئەمما 'سول' چىللىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇش لازىم." («ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسەتنى تەكىتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش ھەققىدە»، 222-بەت) پارتىيىمىز ئوڭدىن ۋە "سول"دىن كەلگەن كاشىلىلارنى تۈگەتكەنلىكى ئۈچۈنلا، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ چوڭ يۆنىلىشنى مەھكەم ئىگىلىيەلىدى، پارتىيىنىڭ تۈپ لۇشيەنىدە ھەققىي چىڭ تۇرالىدى.

ھازىر، قەدىردان يولداش دېڭ شياۋپىڭ بىز بىلەن ۋىدالاشتى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە 3-ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىرادىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ تۈپ لۇشيەنىدە ئومۇمىيۈزلۈك چىڭ تۇرۇپ، تۇرلۇك خاتا پىكىر ئېقىملىرىنىڭ كاشىلىسىنى داۋاملىق تۈگىتىپ، پۈتۈن پارتىيىنى باشلاپ 2010-يىلىغىچە كۆزلەنگەن ئۇلۇغۋار نىشانغا قاراپ باتۇرانە ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە. تۇرلۇك ئەگرى-توقايلىقلارنى باشتىن كەچۈرگەن، تۇرلۇك سىناقلارغا بەرداشلىق بەرگەن جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئۇلۇغ، شەرەپلىك، توغرا پارتىيە ئىكەنلىكىنى تارىخ ئىسپاتلىدى ھەم يەنىمۇ ئىسپاتلايدۇ. پارتىيىنىڭ يېڭى بىر ئەۋلاد رەھبەرلىك كوللېكتىپى سىياسىي جەھەتتە كۈندىن-كۈنگە پىشىپ يېتىلىۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقى تامامەن ئىشىنىدۇ. خەلقئارا ۋەزىيەتتە قانچىلىك ئۆزگىرىش بولسۇن، ئىچكى ۋەزىيەت قانچىلىك مۇرەككەپ بولسۇن، بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشىدىغانلا بولساق، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىنى چوقۇم غەلىبىلىك ھالدا ئالغا سىلجىتالەيمىز.

## 3

پارتىيىنىڭ ئۈچ ئەۋلاد رەھبەرلىك يادروسىنىڭ توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش توغرىسىدىمۇ نۇرغۇن مۇھىم بايانلىرى بار. بىر كومپارتىيە ئەزاسىنىڭ توغرا كەيپىياتى شۇ كومپارتىيە ئەزاسىدە بولۇشقا تېگىشلىك ئالىيجاناب روھ ۋە ئەخلاقىي پەزىلەتنى كۆرسىتىدۇ. توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش كومپارتىيىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، ھەرقانداق بۇرژۇئازىيە پارتىيىسىدە بولمايدىغان ئالاھىدە پەزىلەتتۇر. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، پارتىيىمىز ئومۇم ئۈچۈن ئىشلەيدىغان پارتىيە، پارتىيىمىزنىڭ مەقسىتى جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئۇ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە كەڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىگەندىن سىرت قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمەيدۇ. پارتىيىنىڭ پروگراممىسى ئىشقا ئاشۇرۇلسا، ئەڭ كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئىتى ۋە تۈپ مەنپەئىتى ئىشقا ئاشۇرۇلغان بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق بىر پارتىيىنىڭ ئەزاسى بولغان كىشى پارتىيىنىڭ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداشنى ھەممىدىن ئۈستۈن، ھەممىدىن مۇھىم دەپ بىلىشى كېرەك. ئۇ پارتىيىنىڭ غايىسى، ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن ئۆزىنىڭ بارلىقىنى ھەتتا ھاياتىنى قۇربان قىلىشتىن يانمايدىغان ئالىيجاناب پەزىلەتكە ئىگە بولۇشى كېرەك. ئۇ توغرا كەيپىيات بىلەن ئۇتتۇرىغا چىقىپ، خالىس ۋە قورقماس روھ بىلەن، پارتىيىنىڭ غايىسىگە، ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە خىلاپلىق قىلىدىغان بارلىق ئەكسىيەتچىل، پاسسىپ، چىرىك، رەزىل كۈچلەر ۋە ھەرىكەتلەر بىلەن ھارماي-تالماي كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك. ئۇلار ئەكسىيەتچىلەرگە قارىتا ”غەزەپ بىلەن ھومىيەمەن قەبىھ زالىملارغا“ دېگەندەك شىجائەت بىلەن مۇئامىلە قىلالايدىغان، خەلق ئالدىدا ”كالا بولۇپ باش ئېگىمەن سەبىي باللارغا“ دېگەندەك پوزىتسىيىنى تۇتالايدىغان بولۇشى كېرەك.

ماۋ زېدۇڭنىڭ «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى»، «بېتيۇننى خاتىرىلەيمىز» ۋە «يۈيگۇڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى» دېگەن ئۈچ پارچە داڭلىق ئەسىرىدە كوممۇنىستلارنىڭ توغرا كەيپىياتى مەدھىيىلەنگەن. بۇ ئۈچ پارچە ئەسەر دېموكراتىك ئىنقىلاب دەۋرىدە يېزىلغان بولسىمۇ، بۈگۈنكى كۈندە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشىنى ئېلىپ بېرىۋاتقان كومپارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن يەنىلا رېئال يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە، ئۇ يەنىلا پارتىيىمىزنىڭ يېڭى دەۋردە كەڭ پارتىيە ئەزالىرىغا پارتىيىۋىلىك جەھەتتىن تەربىيە ئېلىپ بېرىشىدىكى ياخشى ماتېرىيال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ماۋ زېدۇڭ بۇرۇنلا، ئادەملەردە بىر ئاز روھ بولۇش كېرەك، دەپ ئېيتقانىدى. «خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلايلى»، «بېتيۇننى خاتىرىلەيمىز»، «يۈيگۇڭنىڭ تاغنى يۆتكىشى» دېگەن ئەسەرلەردە مۇشۇنداق بىر خىل روھ، يەنى بىر كومپارتىيە ئەزاسىدا بولۇشقا تېگىشلىك روھ سۆزلەنگەن. بۇ خىل روھ باشقا نەرسە ئەمەس، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان

روھ، قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمەيدىغان روھ، جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىدىغان ۋە قەتئىي تەۋرەنمەيدىغان روھتۇر، بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا، كوممۇنىستىك روھتىن ئىبارەت. دېموكراتىك ئىنقىلاب غەلىبە بىلەن ئاياغلىشاي دەپ قالغان، يېڭى جۇڭگودا تاڭ شەپقى يورۇشقا باشلىغان پەيتتە، ماۋ زېدۇڭ پۈتۈن پارتىيىگە، پارتىيىنىڭ مەقسىتىنى ئۇنۇتماڭلار، پارتىيىنىڭ ئاما بىلەن زىچ ئالاقە باغلايدىغان ئەنئەنىسىنى ئۇنۇتماڭلار، پارتىيىنىڭ قىلچىمۇ ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلىمەيدىغان روھىنى ئۇنۇتماڭلار، پارتىيىنىڭ جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش ئىستىلىنى ئۇنۇتماڭلار، يېڭى جۇڭگو قۇرۇش سەپىرىدە يەنە يېڭى خىزمەت كۆرسىتىڭلار، دەپ سەممىي تاپىلاپ مۇنداق دېدى: "بىز پات ئارىدا مەملىكەت بويىچە غەلىبە قازىنىمىز. بۇ غەلىبە جاھانگىرلىكنىڭ شەرقىي سېپىنى يىمىرىپ تاشلايدۇ، بۇ غەلىبە ئۇلۇغ خەلقئارا ئەھمىيەتكە ئىگە. بۇ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇزاق ۋاقىت ۋە كۆپ كۈچ كەتمەيدىغان بولۇپ قالدى؛ بۇ غەلىبىنى مۇستەھكەملەش بولسا ئۇزاق ۋاقىت ۋە كۆپ كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىش. بۇرژۇئازىيە بىزنىڭ قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش قابىلىيىتىمىزگە شەك كەلتۈردى. جاھانگىرلار بىزنى ئاخىرى ئالدىمىزغا كېلىپ تىلەمچىلىك قىلىدۇ، شۇنداق قىلغاندىلا ياشىيالايدۇ دەپ مۆلچەرلەيدۇ. غەلىبە قازانغانلىقىمىز سەۋەبىدىن، پارتىيە ئىچىدە مەغرۇرلىنىش كەيپىياتى، خىزمەت كۆرسەتتىم دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويۇش كەيپىياتى، توختاپ قېلىپ ئالغا ئىلگىرىلەشنى ئىزدىمەسلىك كەيپىياتى، راھەت-پاراغەتكە بېرىلىپ، يەنە جاپا-مۇشەققەتلىك تۇرمۇش كەچۈرۈشنى خالىماسلىق كەيپىياتى ئۆسۈپ چىقىشى مۇمكىن. غەلىبە قازانغانلىقىمىز سەۋەبىدىن، خەلق بىزگە رەھمەت ئېيتىدۇ، بۇرژۇئازىيىمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ خۇشامەت قىلىشى مۇمكىن. دۈشمەننىڭ قورال كۈچى بىزنى بويسۇندۇرالمايدۇ، بۇ ئىسپاتلانغان. بۇرژۇئازىيىنىڭ خۇشامىتى بولسا قوشۇنىمىزدىكى ئىرادىسى ئاجىزلارنى بويسۇندۇرۇۋېلىشى مۇمكىن. شۇنداقمۇ كوممۇنىستلار بولۇشى مۇمكىنكى، ئۇلار قوراللىق دۈشمەنگە بويسۇنمىغان، بۇ دۈشمەن ئالدىدا ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىق نامىغا مۇناسىپ ئىش قىلغان؛ لېكىن ئۇلار كىشىلەرنىڭ شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى بىلەن قىلغان ھۇجۇمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەك ئوقى ئالدىدا مەغلۇپ بولىدۇ. بۇنداق ئەھۋالنىڭ ئالدىنى ئېلىشىمىز كېرەك. مەملىكەت بويىچە غەلىبىنى قولغا ئېلىش پەقەت 10 مىڭ يوللۇق ئۇزۇن سەپەرنىڭ بىرىنچى قەدىمىنىلا باسقانلىق بولىدۇ." («ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسەتنى تەكىتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش ھەققىدە»، 101—102-بەتلەر)

ماۋ زېدۇڭ توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش توغرىسىدىكى بىر قاتار بايانلىرىدا كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ قانداق روھقا ئىگە بولۇشى، لازىملىقىنى نەزەرىيە جەھەتتىن چوڭقۇر شەرھلەپلا قالماي، بەلكى غەلىبە قازانغان شارائىتتا، تىنچ مۇھىتتا، كەڭ پارتىيە ئەزالىرى يېڭى سىناقلارغا بەرداشلىق بېرىپ، كومپارتىيە ئەزالىرىغا خاس يۈكسەك ئەخلاقنى ۋە ئىنقىلابىي پەزىلەتنى ساقلىشى كېرەكلىكىنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئۇنىڭ بايانلىرى توپتوغرا بىرنەچچە ئەۋلاد كومپارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلىدى.

يولداش دېڭ شياۋپىڭ يېڭى تارىخىي دەۋردە، توغرا كەبىپىياتنى تەكىتلەشنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى غايە تەربىيىسى ئۈستىگە قويدى. ئۇ ئوتتۇرىغا قويغان "تۆتكە ئىگە" يېڭى كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش نىشانى غايىلىك بولۇش مەزمۇنىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە غايىلىك بولۇش "تۆت بولۇش" ئىچىدە ئەڭ مۇھىمى دەپ قارالغان. بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، كەڭ خەلق، بولۇپمۇ كومپارتىيە ئەزالىرى ئورتاق غايىگە ئىگە بولغاندىلا، ئاندىن ھەقىقىي بىرلىكمە كۈچ ھاسىل قىلغىلى، ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى تۈرلۈك قىيىنچىلىق ۋە خېيىم-خەتەرلەرنى يېڭىپ، پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىدە ئۇزاققىچە چىڭ تۇرغىلى، پارتىيىنىڭ ئىشلىرىنى ھەقىقىي راۋاجلاندۇرغىلى بولىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ مۇنداق دېدى: "ھازىر جۇڭگو "تۆت بولۇش" — غايىلىك بولۇش، ئەخلاقلىق بولۇش، مەدەنىيەتلىك بولۇش، ئىنتىزاملىق بولۇشنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنىڭدا ھەممىدىن بەك تەكىتلەيدىغىنىمىز غايىلىك بولۇش. ئۆزەمنىڭ سىياسىي ۋە ھەربىي پائالىيەت بىلەن ئۇزاق مۇددەت شۇغۇللانغان تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، مېنىڭچە، كىشىلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ھەممىدىن مۇھىم، ئىتتىپاقلىق ئورتاق غايە ۋە چىڭ ئېتىقادنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بىز ئىلگىرى نەچچە ئون يىل جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلغاندا، خەلقنى چىڭ ئېتىقاد بىلەن ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، ئۆز مەنپەئىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلدۇرغانىدۇق. مۇشۇنداق ئېتىقاد بولمىسا، ئۇيۇشقاقلىق كۈچى بولمايدۇ. مۇشۇنداق ئېتىقاد بولمىسا، ھېچنېمىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 389-بەت) بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، غايە ۋە ئېتىقادنى تەكىتلەشتە روھىي تۈۋرۈك ۋە روھىي ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مەقسەت قىلىنىدۇ. بىزنىڭ غايىمىز نېمە؟ كوممۇنىستلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى غايىسى كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت، بۇ پارتىيىمىز پروگراممىسىدا بەلگىلەنگەن. بىراق كوممۇنىزمنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئىنتايىن ئۇزاق تارىخىي جەرياندۇر، ئۇ ئارقا-ئارقىدىن كېلىدىغان بىرقانچە تەرەققىيات باسقۇچىنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئوخشاش بولمىغان تارىخىي باسقۇچتا، بىزنىڭ يەنە شۇ باسقۇچتىكى كەڭ خەلقنىڭ مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان كۈرەش نىشانىمىز بولىدۇ، بۇ بىزنىڭ باسقۇچ خاراكتېرلىك غايىمىزدۇر. ھازىرقى باسقۇچتا، بىز پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش يولىدىكى تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئورتاق كۈرەش قىلىشىمىز لازىم. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش، كېلەر ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسىي جەھەتتىن ئەمەلگە ئاشۇرۇش پارتىيىمىزنىڭ ۋە پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىمىزنىڭ ھازىرقى باسقۇچتىكى ئورتاق غايىسى. ھازىرقى باسقۇچتىكى ئورتاق غايە دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى، مىللەتلەرنىڭ كېلەچىكى ۋە ھەر بىر جەمئىيەت ئەزاسىنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئىتىنى بىرلەشتۈرگەن بولۇپ، بۇ غايە ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىق ھەم دۆلەتنى بېيىتىش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلىق، ھەم ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئۆزلىرىنىڭ يىراق كەلگۈسى مەنپەئىتى

ئۇچۇن كۆرەش قىلغانلىقىدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇ غايە مىسلى كۆرۈلمىگەن روھىي سەپەرۋەرلىك رولىنى ئوينايدۇ، يۈكسەك ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىگە ئىگە. كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، بولۇپمۇ پارتىيىلىك كادىرلار ئۆزى ئۈلگە بولۇپ، خەلق ئاممىسىنى ھازىرقى باسقۇچتىكى ئورتاق غايىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھارماي-تالماي كۆرەش قىلىشقا يېتەكلىشى لازىم.

يولداش جياڭ زېمىننىڭ توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش توغرىسىدىكى بايانلىرىدا، كومپارتىيە ئەزالىرى توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تىكلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلەش مۇھىم نۇقتا قىلىنغان. يولداش جياڭ زېمىننىڭ بۇ بايانلىرى ئىنتايىن كۈچلۈك رېئال قاراتمىلىققا ئىگە. ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلۇۋاتقان شارائىتتا، بەزى پاسسىپ، سەلبىي ئەھۋاللار مەملىكىتىمىزدە پەيدا بولۇۋاتىدۇ ۋە يامراپ كېتىۋاتىدۇ، بولۇپمۇ بەزى پارتىيىلىك كادىرلار چىرىك تۇرمۇش ئۇسۇلىنىڭ ئازدۇرۇشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، سۈپىتى ئۆزگىرىپ چىرىكلىشىشكە باشلىدى، بۇنىڭدىن خەلق ئاممىسى ئىنتايىن نارازى. چىرىكلىكلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى پارتىيىمىزنى ئېغىر دەرىجىدە چىرىتىدۇ، ئۇ پارتىيىمىزنىڭ توغرا كەيپىياتنى تەكىتلىشىگە ئېغىر ئېغۋاگەرچىلىك سالغانلىق، ئەگەردە بۇنداق ئەھۋاللار ئۇزاققىچە تۈگىتىلمەيدىغان بولسا، خەلقنىڭ رايى قايتىدۇ، ھالبۇكى، خەلق قەلبىنىڭ مايىللىقى ئىشلىرىمىزنىڭ گۈللىنىشىگە ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا بېرىپ تاقىلىدۇ. دېڭ شياۋپىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرىدە ۋە نۇتۇقلىرىدا پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرگە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇش لازىملىقىنى ئەسكەرتىپ قويغانىدى. يولداش جياڭ زېمىن چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ تەخىرسىزلىكىنى، ئۇزاق مۇددەتلىكلىكىنى ۋە مۈشكۈللۈكىنى تەكىتلەپلا قالماستىن، بەلكى ئىشنى ئىجابىي جەھەتتىن تەربىيە بېرىشتىن باشلاپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ، بولۇپمۇ پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ دۇنيا قارىشى، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشى مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەپسىلىي بايان قىلىپ، بۇنىڭ چىرىكلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ تۈپ يولى ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: "ھەر بىر كادىر ۋە پارتىيە ئەزاسى ئۈچۈن ئېيتقاندا، توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى تۇرغۇزۇش ئىلگىرى ھەممىدىن مۇھىم مەسىلە بولغانىدى، ھازىرمۇ شۇنداق، كەلگۈسىدىمۇ شۇنداق بولىدۇ. بۇ مەسىلە ھەل قىلىنمىسا ياكى پۇختا ھەل قىلىنمىسا، مەيلى ئىنقىلاب قىلىشتا بولسۇن ياكى قۇرۇلۇش قىلىشتا بولسۇن، بىجانىدىللىق بىلەن ئىش قىلغىلى بولمايدۇ، ھېچقانداق نەتىجە قازانغىلىمۇ بولمايدۇ. ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا، پارتىيىگە كىرىشتە، كادىر بولۇشتا كونا تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، مىللەتلەرنى ۋە خەلقنى ئازادلىققا ئېرىشتۈرۈش مەقسەت قىلىناتتى. ھازىر پارتىيىمىز ھاكىمىيەت بېشىدا تۇرۇۋاتىدۇ، پارتىيىمىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىشتەك ئىبارەت ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالدى، شۇڭا پارتىيىگە كىرىشتە، كادىر بولۇشتا دۆلەتنى بېيىتىپ قۇدرەت تاپقۇزۇش،

مىللەتلەرنى گۈللەندۈرۈش ۋە خەلقنى بەختكە ۋە باياشاتلىققا ئېرىشتۈرۈشنى مەقسەت قىلىش كېرەك، ئەمەلدار بولۇپ بېيىشنى مەقسەت قىلىشقا ھەرگىز بولمايدۇ.» بۇنىڭغا ئۇلاپلا ئۇ كومپارتىيە ئەزالىرى زادى نېمە ئۈچۈن ياشىشى كېرەك، ئۇلار قانداق مەنپەئەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشى كېرەك دېگەن مەسىلىنى شەرھلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "كوممۇنىستلار تارىخىي ماتېرىيالىزمچىلاردۇر، بىز جەمئىيەت ئەزالىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتى ۋە ئارزۇ-ئىستەكلىرىنىڭ بولىدىغانلىقىنى ئەزەلدىن ئىنكار قىلغان ئەمەسمىز. لېكىن شەخسىي مەنپەئەتنى دۆلەت مەنپەئىتىگە، قىسمەن مەنپەئەتنى ئومۇمىي مەنپەئەتكە، كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتنى يىراق كەلگۈسى مەنپەئەتكە بويسۇندۇرۇپ، شەخسنىڭ غايىسى ۋە ئارزۇ-ئىستەكلىرىنى سوتسىيالىستىك ئەخلاق ئۆلچىمىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېرەك. كادىرلىرىمىز ۋە پارتىيە ئەزالىرىمىز ئادەم نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ دېگەن مەسىلىنى چوقۇم ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىشى لازىم. ئەگەر ئۆزى ئۈچۈن، ئائىلە ئۈچۈنلا ياشايدىغان بولسا، بۇنداق ھاياتنىڭ مەنىسى تولىمۇ چەكلىك بولغان بولىدۇ. دۆلەتنىڭ، جەمئىيەتنىڭ، مىللەتنىڭ ۋە كوللېكتىپنىڭ مەنپەئىتى يولىدا جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ، ئۆزىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى قىلچە ئايىماي بېغىشلىغاندىلا، ئاندىن بۇنداق ھايات ھەقىقىي مەنىلىك ھايات، شەرەپلىك ھايات ۋە شانلىق ھايات بولىدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى—چوڭقۇر ئىنقىلاب، توغرا دۇنيا قاراش ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىنى پۇختا تۇرغۇزغاندىلا، ئاندىن بۇ بۈيۈك ئىجتىمائىي ئۆزگىرىش داۋامىدا كەسكىن سىناقتىن ئۆتكىلى بولىدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى يولغا قويۇلغىلى ئەمدى ئون نەچچە يىل بولا-بولمايلا بەزى كادىرلىرىمىز ۋە پارتىيە ئەزالىرىمىز سىناقتا يېڭىلدى، بەزىلىرىنىڭ ئىنقىلابىي ئىرادىسى ئاجىزلاپ كەتتى، بەزىلىرى ئەگرى يولغا كىرىپ قالدى، ھەتتا بەزىلىرى چۈشكۈنلىشىپ جەمئىيەتنىڭ مىتىلىرىگە ۋە جىنايەتچىلىرىگە ئايلىنىپ قالدى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئادەملەرنىڭ دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى مەسىلىسىدە چاتاق چىقتى.» («ئۆگىنىشنى تەكىتلەش، سىياسەتنى تەكىتلەش، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەش ھەققىدە»، 305—306-بەتلەر) بۇ بايانلار ئىنتايىن چوڭقۇر مەنىلىك بايانلار بولۇپ، ئۇنىڭدا پارتىيىمىزنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىلىك ئورنى، سىرتقا ئىشىكنى ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا دۇچ كەلگەن يېڭى ۋەزىيەت تەھلىل قىلىنغان، پۈتۈن پارتىيىدىكىلەردىن بولۇپمۇ پارتىيىلىك كادىرلاردىن تىنچ مۇھىتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈش، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشنىڭ، ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىشنىڭ ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ سىنىقىدىن ئۆتۈش تەلەپ قىلىنغان. بۇ يەردىكى ھالقىلىق بىر مەسىلە توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشىنى تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت. ئەگەر بىر پارتىيە ئەزاسى دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى ۋە قىممەت قارىشى مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلغان بولسا، ئۇ ھالدا، مەيلى ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدىكى ھايات-ماماتنىڭ سىنىقى بولسۇن ياكى تىنچ قۇرۇلۇش دەۋرىدىكى ئەيش-ئىشرەتنىڭ سىنىقى بولسۇن، مەيلى ئوق-زەمبىرەكنىڭ سىنىقى بولسۇن،

ياكى شېكەر يالىتىلغان زەمبىرەكنىڭ سىنىقى بولسۇن، ھەرقانداق سىناقتا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، ئۇ ھالدا، ھاكىمىيەت بېشىدىكى پارتىيىمىز تارىختىن بۇيانقى گۈللىنىش-خارابلىشىش دەۋرىيلىكىدىن چوقۇم ھالقىپ ئۆتەلەيدۇ.

يېڭى تارىخىي دەۋردە، پارتىيىمىز ئىچىدە كۆڭ فەنسېن، لى گوئەن، لى رۇنۇۋ، شۈي خۇ قاتارلىق بىر تۈركۈم يۇقىرى سىياسىي ئاڭ، يۈكسەك غايە ۋە ئالىيجاناب ئەخلاققا ئىگە ئىلغارلار مەيدانغا كەلدى، ئۇلارنىڭ خىزمىتى ئوخشاش بولمىسىمۇ، بىراق ئۇلاردا ئورتاق كوممۇنىستىك روھنىڭ چاقناپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئۇلار پۈتۈن پارتىيىمىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈلگىسى بولۇشقا مۇناسىپ. يولداش جياڭ زېمىن پۈتۈن پارتىيىدىكىلەرنى مۇشۇ يولداشلارنىڭ ئىلغار ئىدىيىسىنى ۋە ئالىيجاناب روھىنى ئۆگىنىشكە چاقىرىق قىلدى، بۇ ھازىرقى باسقۇچتىكى توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەشنىڭ مۇھىم بىر تەرىپى.

دۆلىتىمىز مۇھىم بىر تارىخىي دەۋردە تۇرماقتا. دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى دۇنيا كۆز تىككۈدەك مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئاساسىدا يەنىمۇ چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلماقتا. دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىشلىرى تېپىلغۇسىز پۇرسەتكە دۇچ كېلىش بىلەن بىللە، يەنە قاتتىق مۇسابىقىگىمۇ دۇچ كەلمەكتە. پۈتۈن دۇنيا يېڭى ئەسىر يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتقان پەيتتە، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىغا، جۇڭگونىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ مۇكەممەللىشەلەيدىغان-مۇكەممەللىشەلمەيدىغانلىقىغا ۋە راۋاجلىنالايدىغان-راۋاجلىنالمايدىغانلىقىغا، جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئورۇندىيالايدىغان-ئورۇندىيالمايدىغانلىقىغا نەزىرىنى تىكمەكتە. مۇشۇنداق تارىخىي پەيتتە تۇرۇۋاتقان جۇڭگو كوممۇنىستلىرى تېخىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، پارتىيىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن ئۆگىنىشنى تەكىتلەپ، سىياسەتنى تەكىتلەپ، توغرا كەيپىياتنى تەكىتلەپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پارتىيىمىز ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا ياراتقان چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى غەلىبىلىك ھالدا ئالغا سۈرۈپ، ئۇنى 21-ئەسىرگە ئېلىپ كىرىشى كېرەك.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: ئادالەت مۇھەممەت**
**رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشىلاپ، دۆلەت كارخانىلىرىنى گۈللەندۈرەيلى

## —جۇڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى 100 دۆلەت كارخانىسىدىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش ۋە مۇلاھىزە

**چېڭ ۋېيگاۋ**

چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاش چوڭ ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، بەلكى چوڭ سىياسىي مەسىلىدۇر: سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭلا ئېھتىياجى بولۇپ قالماستىن، بەلكى يەنە پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى، پارتىيىنىڭ سىنىپىي ئاساسىنى كۈچەيتىشنىڭمۇ ئېھتىياجىدۇر. دۆلەت كارخانىلىرىدىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ئۆلكىمىزدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش يۈزىسىدىن، مېنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشۇم بىلەن، بۇلتۇر 10-ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ، شىجياجۇاڭ، باۋدىڭ، شىڭتەي قاتارلىق ئۈچ شەھەردە تۇرلۇك تىپتىكى 100 دۆلەت كارخانىسىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى ئۈستىدە تەكشۈرۈش، تەتقىق قىلىش پائالىيىتى قانات يايدۇرۇلۇپ، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش نۇقتىسىدىن، قانداق قىلىپ چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاش مەسىلىسى ئۈستىدە تەتقىقات ۋە مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىلدى.

تەكشۈرۈش ئەھۋالىدىن قارىغاندا، يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ئۆلكىمىزدىكى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ پارتىيە قۇرۇلۇشىغا ئۈزلۈكسىز كۆڭۈل بۆلۈنۈپ ۋە كۈچەيتىلىپ، ياخشى تەرەققىيات ۋەزىيىتى شەكىللىنىپتۇ. ئىقتىسادنى چۆرىدىگەن ھالدا پارتىيە قۇرۇلۇشىنى تۇتۇش، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇپ ئىقتىسادنى ئىلگىرى سۈرۈش ئېڭى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىلىپتۇ ھەمدە ئەمەلىيەت داۋامىدا ئىزدىنىش ئارقىلىق بىرمۇنچە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەر خۇلاسىلەپ چىقىلىپتۇ. كارخانىلاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ نەتىجىسىنى بەك يۇقىرى مۆلچەرلەشكە بولمايدۇ. شۇنىمۇ كۆرۈشىمىز كېرەككى، كارخانىلاردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىنىڭ بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشالماي، ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋەزىيىتىنىڭ كەينىدە قېلىش مەسىلىسى يەنىلا بەلگىلىك ئومۇمىيلىققا ئىگە بولۇپ تۇرماقتا. بىر قىسىم كارخانىلارنىڭ قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى، ئۇنۇمىنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىدە، ئىقتىسادىي ھەرىكەت ۋە تۈزۈلمە ئالمىشىشى جەھەتلەردىكى سەۋەبلەردىن باشقا، كارخانىلاردىكى سىياسىي ئەۋزەللىكنىڭ ھەقىقىي رەۋىشتە جارى قىلدۇ-

رۇلمغانلىقى، كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئارىسىدىكى جەلپ قىلىش كۈچىنىڭ، ئۇيۇشتۇرۇش كۈچىنىڭ ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىنىڭ ئاجىزلاپ كەتكەنلىكىمۇ مۇھىم بىر ئامىل ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاشتا، پەقەت تۈزۈلمە، ئىقتىسادىي ئامىل ئۈستىدىلا باش قاتۇرۇپ قالماي، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش مەسىلىسىنىمۇ تەتقىق قىلىش كېرەك.

**1. ئىككى بۇرۇلۇشنى نەزەردە تۇتۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك كارخانا رەھبەرلىك بەنزىسنى قۇرۇپ چىقىش لازىم.**

كارخانا رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە جىددىيلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىش كېرەك. دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاشنىڭ ئاچقۇچى كارخانا رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى چىڭ تۇتۇپ، يۇقىرى سۈپەتلىك ئىگىلىك باشقۇرغۇچىلار قوشۇنىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىشتا. رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنىڭ يادروسى ئادەمنى توغرا تاللاش، ياخشى ئادەمنى تاللاش، تەكشۈرۈش ئەھۋالى شۇنى كۆرسەتتىكى، ئىشلەپچىقىرىش-تىجارىتى ياخشى بولغان كارخانىلارنىڭ ھەممىسىدە ياخشى بىر رەھبەرلىك بەنزىسى بولۇپمۇ ياخشى زاۋۇت باشلىقى (دىرېكتور) ۋە پارتكوم شۇجىسى بار؛ ئەھۋالى ياخشى بولمىغان كارخانىلار، بولۇپمۇ زىيان تارتقان كارخانىلارنىڭ گەرچە سەۋەبى ئىنتايىن كۆپ بولسىمۇ، ئەمما ئاساسلىقى يەنىلا رەھبەرلىك بەنزىسى مەسىلىسىدۇر. نۇرغۇن كارخانىلارنىڭ مەھسۇلات قۇرۇلمىسى، تىجارەت كۆلىمى، ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى ۋە تاشقى شارائىت جەھەتتىكى ئەھۋالى ئاساسەن ئوخشىشىپ كەتسىمۇ، لېكىن تەرەققىيات ئەھۋالى پۈتۈنلەي پەرقلىنىدۇ. بەزىلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز، بەزىلىرىنىڭ ئاستا؛ بەزىلىرى زىياننى پايدىغا ئايلاندۇرغان، بەزىلىرى پايدىنى زىيانغا ئايلاندۇرغان. بۇ خىل پەرقلەرنى شەكىللەندۈرۈشتە كۆپ خىل ئامىللار مەۋجۇت بولسىمۇ، لېكىن تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ پەرقى رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ خىزمەت سەۋىيىسىدە، رەھبەرلەرنىڭ ساپاسىدا. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى دۆلەت كارخانىلىرىنى ياخشىلاشتا، ئەڭ مۇھىمى، كارخانا رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك.

يۇقىرى ئۆلچەم بىلەن كارخانا رەھبىرىي كادىرلىرىنى تاللاپ، كارخانا رەھبەرلىك بەنزىسىنى ئوبدان قۇرۇپ چىقىش كېرەك. يىڭى ۋەزىيەتتە، كادىرلار قوشۇنىنى "تۆتلەشتۈرۈش" فاڭجېنى ۋە ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپى بويىچە كارخانا رەھبىرىي كادىرلىرىنى تاللاشتا، ئەڭ مۇھىمى مۇنۇ ئىككى شەرت ھازىرلىنىشى كېرەك: بىرى سىياسىي جەھەتتە چىڭ بولۇش؛ يەنە بىرى كۈچلۈك بازار ئېڭى ۋە بازارنى كونترول قىلىش قابىلىيىتى بولۇش. ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار كارخانا رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىغا چوقۇم يۇقىرى دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈشى، بۇرۇن بىر قىسىم جايلاردا ئوخشىمىغان دەرىجىدە

مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان يەرلىك پارتىيە-ھۆكۈمەت كادىرلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، كارخانا رەھبىرىي كادىرلىرىغا سەل قارايدىغان خاھىشلارنى ئۆزگەرتىپ، كارخانا بەنزىسىگە ئادەم تاللاپ سەپلەش ئىشىنى ۋە كارخانا بەنزىسىنىڭ قۇرۇلۇشىنى تەشكىلىي خىزمەت ۋە كادىرلار خىزمىتىنىڭ چوڭ ئىشى سۈپىتىدە ھەقىقىي رەۋىشتە چىڭ تۇتۇپ ئىشلىشى كېرەك. كونكرېت خىزمەت جەريانىدا، تۆۋەندىكى تۆت پرىنسىپنى ئۇقتىلىق ھالدا ئىگەللەش كېرەك:

بىرىنچى، ”بىرىنچى باشلىق“نى گەۋدىلىك ھالدا تۇتۇش. نۇرغۇن كارخانىلارنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، بىر كارخانىنى ياخشىلاشتا، بىر بەنزىنىڭ ئاممىنى يېتەكلەپ ئۇزاق مۇددەت جاپالىق تىرىشىشىغا توغرا كېلىدۇ؛ ”بىرىنچى باشلىق“نىڭ ساپاسى تۆۋەن بولسا، قانۇنغا خىلاپلىق قىلىپ، ئىنتىزامنى بۇزسا، پۈتۈن بىر كارخانىنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا، ”بىرىنچى باشلىق“نى تاللاپ سەپلەش جەھەتتە، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، قاتتىق ئۆلچەم قويۇشنى تېخىمۇ تەكىتلەپ، ”بىرىنچى باشلىق“نى توغرا تاللاش، كۈچلۈكلەرنى سەپلەشنى كارخانا رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ ئەڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، ئەۋزەللىكلەر بىلەن بىر-بىرىنى تولۇقلاش. تەشكىلىي قۇرۇلمىدا، كارخانىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل ئادەملەرنىڭ ساپاسىغا ئاساسەن، پارتىيە، مەمۇرىيەت ئاساسلىق رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى بىر ئادەم ئۆز ئۈستىگە ئالسا بولىدۇ، ئايرىم-ئايرىم ئادەم ئۈستىگە ئالسىمۇ بولىدۇ، ياكى بولمىسا پارتىيە بىلەن مەمۇرىيەت رەھبەرلىرى گىرەلىشىپ ۋەزىپە ئۆتىسىمۇ بولىدۇ. پارتىيە، مەمۇرىيەت ئاساسلىق ۋەزىپىسىنى بىر ئادەم ئۆتەش-ئۆتمەسلىكتە ئەمەلىيەتنى چىقىش قىلىش، مۇھىمى خىزمەتكە پايدىلىق بولۇش كېرەك. بىلىم قۇرۇلمىسىدا، ھەم كەسپىي تېخنىكا بىلىمگە قاراش، ھەم ئىقتىساد باشقۇرۇش قابىلىيىتىگە قاراش كېرەك. ياش قۇرۇلمىسىدا، ھەم رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ قېلىش، ھەم ئەسىر ھالقىيدىغان ياش كادىرلارنى تەربىيەلەشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

ئۈچىنچى، كادىرلارنىڭ ساپاسى كارخانا تەرەققىياتىغا ماسلىشىشى كېرەك. بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپى بويىچە بەنزىنى سەپلەش، بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپى بويىچە بەنزىنىڭ ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كارخانا رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىدا ھەل قىلىش شەرت بولغان مۇھىم بىر مەسىلىدۇر. سىياسىي جەھەتتە قاتتىق تەلەپلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان، ئىگىلىك باشقۇرۇش سەۋىيىسى بىرقەدەر يۇقىرى، يول ئېچىش، يېڭىلىق يارىتىش قابىلىيىتى كۈچلۈك بولغان رەھبەرلىك بەنزىسىنى قەتئىي قوللاش، قوغداش كېرەك؛ ئادىل، ۋىجدانلىق، ئاممىنىڭ ئىنكاسى ياخشى بولغان، ئەمما سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالمىغان، ئىسلاھات ئېڭى ئاجىز، يول ئېچىش قابىلىيىتى يېتەرسىز بولغان رەھبەرلىك بەنزىسىگە نىسبەتەن تەربىيە ۋە يېتەكلەشنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، كۆز قارىشىنى

يەڭگۈشلەپ، پاسسىپ ھالىتىنى ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇش كېرەك؛ تەربىيە ۋە ياردەم بېرىلگەندىن كېيىنمۇ يەنىلا خىزمەتكە ماسلىشالمىغانلارغا نىسبەتەن ۋاقتىدا تەڭشەش ئېلىپ بېرىش كېرەك؛ سىياسىي جەھەتتە بوش، خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغان، ھوقۇقدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتىدىغان، ئاممىدىن ئايرىلىپ قالغان كارخانا رەھبىرىي كادىرلىرىنى قىلچە يۈز-خاتىرە قىلماي قەتئىي ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش كېرەك.

تۆتىنچى، ئىلھاملاندۇرۇش بىلەن چەكلەشكە بىردەك ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. كارخانا رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ بولۇپمۇ زاۋۇت باشلىقىنىڭ(دىرېكتورىنىڭ) كارخانىدىكى ئورنى ئىنتايىن يۇقىرى، ئىگىلىگەن ھوقۇقى ئىنتايىن چوڭ. ئۇلارغا ئۆز ئورنى ۋە ھوقۇقىغا مۇناسىپ بولغان مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغۇزۇش ئۈچۈن، كارخانا كادىرلىرىنى ئىلھاملاندۇرۇش-چەكلەش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، ھەم ئىلھاملاندۇرۇشنى ھەم چەكلەشنى تەكىتلەپ، بىر قىسىم كارخانا مەسئۇل خادىملىرىنىڭ پايدىغا مەسئۇل بولۇپ زىيانغا مەسئۇل بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. كارخانا رەھبەرلىك بەنزىسىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى نىشانىغا يېتىش ۋە يىللىق خىزمەت نىشانىغا يېتىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى چىڭىتىش ئارقىلىق، تەكشۈرۈش ئۇسۇلىنى تولۇقلاپ، نىشانلىق ئىلھاملاندۇرۇشنى يولغا قويۇش كېرەك؛ نازارەت قىلىش تۈزۈمىنى ساغلاملاشتۇرۇش ۋە ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئارقىلىق، ئاممىۋى لۇشيەندە تولۇق مېڭىپ، كارخانا رەھبىرىي كادىرلىرىغا بولغان ھەر تەرەپلىمە نازارەتنى كۈچەيتىش كېرەك.

**2. كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي رەھبەرلىك ئورنىنى تىكلەپ، سىياسىي يادرولۇق رولىنىڭ تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.**

پارتىيىنىڭ كارخانىلارغا بولغان سىياسىي رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشتە، ئاساسەن مۇنۇ ئىككى تەرەپكە تايىنىش كېرەك؛ بىرىنچىسى، كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، كارخانا مەسئۇل خادىملىرىنى ياخشى تاللاپ ۋە باشقۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش-تىجارەت جەريانىدا پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئاڭلىق ئىزچىللاشتۇرغۇزۇش؛ ئىككىنچىسى، كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي يادرولۇق رولىنى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارت-نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش.

كاپالەتلىك قىلىش، نازارەت قىلىش رولىنى جارى قىلدۇرۇش پارتىيە نىزامنامىسىدە كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىغا بېرىلگەن مۇھىم بىر بۇرچتۇر. تەكشۈرۈشتىن مەلۇم بولدىكى، پارتىيە خىزمىتى كادىرلىرىنىڭ 30.7 پىرسەنتى ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان كارخانىدىكى پارتىيە تەشكىلاتىنى نازارەت قىلىش رولىنى جارى قىلالمايۋاتىدۇ دەپ قارىغان. كاپالەتلىك قىلىش ئاسان، نازارەت قىلىش تەس بولۇش ئەھۋالى نۆۋەتتە كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسىي يادرولۇق رولىنى جارى قىلدۇرۇشتا ساقلىنىۋاتقان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئەكس ئەتتۈردى، شۇنداقلا خېلى كۆپ بىر قىسىم كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتى مەسئۇل

خادىملىرىنىڭ روھىي ھالىتىگىمۇ ۋەكىللىك قىلىدى. بۇ مەسىلىگە قارىتا، بىز ئىشلەپچىقىرىش-تىجارەتتە ۋە بەزىبىر ئەزالىرىنىڭ ئىدىيە، خىزمەت ئەمەلىيىتىگە زىچ بىرلەشتۈرۈپ، بەزى ئەزالىرىنىڭ نارازىلىقىنى قوبۇل قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك: پارتىيە ئىچىدىكى دېموكراتىك تۈرمۇش تۈزۈمىنى جىڭتىدە، كارخانا رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسى ۋە ئۆزى تورۇۋاتقان ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلىنىڭ ئىككى دېموكراتىك تۈرمۇش يىغىنىغا تولۇق قاتنىشىپ، تەنقىد ۋە ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشنى ئەستايىدىل قانات يايدۇرۇشنى تەكىتلەپ، پارتىيە ئىچىدىكى نارازىلىقنى كۆچەيتىشىمىز كېرەك؛ ئىزچىل تۈردە ئاممىۋى لۇشيەندە مېڭىپ، كۆپ خىل يوللار بىلەن ئاممىنىڭ پىكرىنى ئاڭلىشىمىز، بولۇپمۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، دېموكراتىك نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك: كادىرلارنى دېموكراتىك ئاساستا باھالاش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ ۋە تولۇقلاپ، ئوتتۇرا قاتلامدىن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلارغا بولۇپمۇ زاۋۇت دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارغا بولغان نازارەتچىلىكنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

پارتىيە تەشكىلاتلىرى كارخانىلارنىڭ چوڭ-چوڭ مەسىلىلىرى ئۈستىدە تەدبىر بەلگىلەشكە ئىشتىراك قىلىشلىرى كېرەك. كارخانىنىڭ چوڭ-چوڭ مەسىلىلىرى دېگىنىمىزدە ئاساسەن كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشقا ۋە ئىسلاھات، كادىرلار ئىشلىرى ھەمدە كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە تاقىلىدىغان مۇھىم مەسىلىلەر قاتارلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. مۇنداق چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە تەدبىر بەلگىلىگەندە پارتىيە تەشكىلاتلىرى چوقۇم ئاكتىپ قاتنىشىشى كېرەك؛ مەمۇرىي تەشكىللەرمۇ پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ تەدبىر بەلگىلەشكە قاتنىشىشى ئۈچۈن پايدىلىق شارائىتلارنى يارىتىپ بېرىشلىرى كېرەك. پارتىيە نەشكىلاتلىرىنىڭ چوڭ-چوڭ مەسىلىلەر ئۈستىدە تەدبىر بەلگىلەشكە قاتنىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، پارتكوم بەزى قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، پارتكوم بىلەن قانۇنىي ئىگە باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىزىغا چۈشۈرۈش كېرەك. پارتكوم بەزى ئەزالىرى بىلەن مۇدىرىيەت، نازارەت ھەيئىتى ۋە دىرېكتور قاتلىمى ئەزالىرى بىرقەدەر يۇقىرى نىسبەتتە بىر-بىرىنىڭ تەركىبىگە كىرىپ ۋەزىپە ئۆتىشى كېرەك. تەدبىر بەلگىلەشكە قاتنىشىش تەرتىپىنى ئورنىتىپ ۋە ساغلاملاشتۇرۇپ، تەدبىر بەلگىلەشكە قاتنىشىش تۈزۈمىنى تولۇقلاپ، تەدبىر بەلگىلەشكە قاتنىشىش ئىقتىدارىنى داۋاملىق يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. تەدبىر بەلگىلەشتىن بۇرۇن، كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى چوڭقۇر تەكشۈرۈش تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، تەدبىر بەلگىلىمەكچى بولغان چوڭ مەسىلىلەر توغرىسىدا ئالدىن كۆرەرلىك بىلەن يۈنىلىش خاراكتېرلىك پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشقا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك؛ تەدبىر بەلگىلەشتە، تەدبىر بەلگىلەشكە قاتنىشىش تۈزۈمى ۋە تەرتىپىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنىڭ ئادا قىلىنىشىنى تۈزۈم بىلەن كاپالەتلەندۈرۈشى، تەدبىر بەلگىلەش ھەرىكىتىنى تەرتىپ بىلەن قېلىپلاشتۇرۇشى كېرەك؛ تەدبىر

بەلگىلەنگەندىن كېيىن، پۈتكۈل پارتىيە ئەزالىرى ۋە كادىرلارنى ئاكتىپچانلىق ۋە ئىجادچانلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئۇيۇشتۇرۇپ ۋە يېتەكلەپ، تەدبىرنىڭ ئوڭۇشلۇق يولغا قويۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش پارتىيىنىڭ سىياسىي لۇشيەنىنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان سىياسىي پرىنسىپ ۋە تەشكىلىي پرىنسىپ، شۇنداقلا پارتىيىنىڭ كارخانىلارغا بولغان سىياسىي رەھبەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ مۇھىم ئاساسىدۇر. كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرۇش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى مۇھىم بۇرچى پارتىيىنىڭ كادىرلار لۇشيەنى ۋە فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ كارخانا كادىرلار خىزمىتىدە ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىپ ۋە نازارەت قىلىپ، كارخانا رەھبەرلىرىنى تاللاپ ۋەزىپىگە قويۇشقا مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنى قاتتىق ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەت. شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەككى، زاۋۇت باشلىقىنىڭ ئادەم ئىشلىتىش ھوقۇقى بار، لېكىن بۇ ھەرگىزمۇ زاۋۇت باشلىقىنىڭ دېگىنىلا ھېساب دېگەنلىك ئەمەس؛ كادىرلارنى پارتىيە باشقۇرىدۇ دېگەنلىكمۇ ھەرگىز كادىرلارنى شۇجى باشقۇرىدۇ دېگەنلىك ئەمەس. كادىرلار-نى پارتىيە باشقۇرۇش پرىنسىپىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ چىقىش نۇقتىسى ۋە ئاخىرقى مەقسىتى كادىرلار قوشۇنىنى ”تۆتلەشتۈرۈش“ فاڭجېنى ۋە ھەم ئەخلاقلىق ھەم قابىلىيەتلىك بولۇش پرىنسىپى بويىچە ئادەم تاللاش، ئادەم ئىشلىتىش، كارخانا ئىختىساسلىق رەھبەرلىك خادىملىرى ۋە ئىختىساسلىق باشقۇرۇش خادىملى-رىنى بايقاش، ئۆستۈرۈش، يېتىشتۈرۈش، تەربىيىلەش، تەكشۈرۈش ۋە نازارەتچىلىك قىلىش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالايدىغان بىر كارخانا كادىرلىرى قوشۇنىنى تىرىشىپ قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت.

**3. پارتىيىنىڭ سىياسىي ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، كارخانىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىنى ھەقىقىي رەۋىشتە كۈچەيتىش لازىم.**

كارخانا ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىنىڭ نىشانى ۋە مۇھىم نۇقتىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك. ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ئىشلەپچىقىرىش-تىجارەتنى زىچ چۆرىدىگەن ھالدا قانات يايدۇرۇش كېرەك، لېكىن شۇنى ئېنىق بىلىشىمىز كېرەككى، ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ مەقسىتى پەقەتلا ئىشلەپچىقىرىش-تىجارەتكە كاپالەتلىك قىلىش ئەمەس. كارخانا ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىنىڭ نىشانى غايىلىك، ئەخلاقلىق، مەدەنىيەتلىك، ئىنتىزامچان ئىشچى-خىزمەتچىلەر قوشۇنىنى تەربىيىلەپ، كارخانىنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ۋە مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت. مەزكۇر نىشانىنىڭ تەلىپىگە ئاساسلانغاندا، كارخانا ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىغا سىستېمىلىق ھالدا جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى تەربىيىسىنى، ئاساسىي لۇشيەن، ئاساسىي فاڭجېن تەربىيىسىنى، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىپچىلىق، سوتسىيالىزم تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىش؛

ئىشچى-خىزمەتچىلەرنى توغرا دۇنيا قاراش، كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى، قىممەت قارىشى ۋە كەسىپكە ئىشتىياق باغلاش، ئىش ئورنىنى سۆيۈش ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، پۇلپەرەسلىك، راھەتپەرەسلىك ۋە شەخسىيەتچىلىك ئىدىيىسىنىڭ چىرىتىشىنى ئاڭلىق ھالدا توسۇشقا يېتەكلەش؛ دۆلەتنىڭ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئومۇمىيلىقنى بىلىش، ئومۇمىي ۋەزىيەتكە ئېتىبار بېرىش، ئۆز كۆچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈش، جاپالىق ئىشلەپ ئىگىلىك يارىتىش، ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ئىشلەش، خالىس تۆھپە قوشۇشتىن ئىبارەت شەرەپلىك ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش؛ ئىشچىلار سىنىپىنىڭ دەۋر تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان ئۇلۇغ سىماسىنى تۇرغۇزۇشتىن ئىبارەت.

كارخانىلاردا ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى تۇتۇش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، پارتكوم شۇجىسى بىلەن زاۋۇت باشلىقى(دىرېكتور) ھەر ئىككىسىنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ مەسئۇللىرى ئىكەنلىكىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. شۇجىنىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرگەندە، ئۇنىڭ ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتكە كۆڭۈل بۆلگەن-بۆلمىگەنلىكىگە، قوللانغان تەدبىرىنىڭ كۈچلۈك بولغان-بولمىغانلىقىغا، قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسىنىڭ روشەن بولغان-بولمىغانلىقىغا قاراش كېرەك؛ زاۋۇت باشلىقى(دىرېكتور)نىڭ خىزمىتىنى تەكشۈرگەندىمۇ پەقەت كارخانىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-تىجارىتىنىڭ ئۈنۈمىگىلا قارىماستىن، يەنە ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنىڭ ئۈنۈمىگىمۇ قاراش كېرەك. بۇنىڭدىن باشقا، كارخانىنىڭ پارتىيە-مەمۇرىيەت رەھبەرلىرى ئورتاق مەسئۇل بولۇپ، سىياسىي خىزمەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى كېرەك. كارخانىنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىنى ئۆزگەرتىپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىش جەريانىدا، سىياسىي خىزمەت ئاپپاراتىنى مۇۋاپىق تەسىس قىلىپ، خىل، ئۈنۈملۈك بولۇش پرىنسىپى بويىچە سىياسىي خىزمەت خادىملىرىنى ئوبدان سەپلەش كېرەك. نۆۋەتتە، سىياسىي خىزمەت خادىملىرىنى نامۇۋاپىق قىسقارتىش خاھىشىدىن ساقلىنىشقا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك. سىياسىي خىزمەت خادىملىرىنى ئىخچاملاشنى ئاددىيلا ھالدا ئىدىيىۋى-سىياسىي خىزمەتنى ۋە پارتىيىنىڭ قۇرۇلۇشىنى ئاجىزلاشتۇرۇش دەپ چۈشىنىشكە بولمايدۇ، ئاپپاراتلارنى ئىخچاملاشنى بىر تەرەپلىمە ھالدا سىياسىي خىزمەت ئاپپاراتلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە سىياسىي خىزمەت كادىرلىرىنى قىسقارتىش دەپ چۈشىنىشكە تېخىمۇ بولمايدۇ. سىياسىي خىزمەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ ساپاسىنى تىرىشىپ يۇقىرى كۆتۈرۈش ھەمدە ئۇلارنى مەمۇرىي كادىرلار بىلەن ئورۇن ئالماشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىقتىسادىي خىزمەتلەرگە قاتنىشىش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك.

**4. جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش فاڭجېنىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيىنىڭ سىنىپىي ئاساسىنى مۇستەھكەملەش ۋە كۈچەيتىش كېرەك**

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىۋاتقان يېڭى

ۋەزىيەتتە، كارخانىنىڭ تەشكىللىي شەكلى، ئىشچى ئىشلىتىش تۈزۈمى، ئىگىلىك باشقۇرۇش مېخانىزمىدا بىر قاتار يېڭى ئۆزگىرىشلەر مەيدانغا كەلدى ۋە كېلىۋاتىدۇ، لېكىن دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىلغارلىق خاراكتېرى ئۆزگەرمىدى، رەھبەرلىك ئورنى ئۆزگەرمىدى، خوجايىنلىق ئورنى ئۆزگەرمىدى، ئاساسىي قوشۇنلۇق رولى ئۆزگەرمىدى. شۇڭلاشقا، جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىشتا چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت مۇھىم سىياسىي پرىنسىپتىن ھېچقانداق ۋاقىتتا، ھېچقانداق ئەھۋالدىمۇ قىلچىلىك تەۋرىنىشكە بولمايدۇ. بەزى كىشىلەر، كارخانىلار ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، مېخانىزمنى ئۆزگەرتىپ، تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئېلىپ بارغاندىن كېيىن، ئىزچىل تەرەققىي قىلىشنىڭ شەرتلىرىنى ھازىرلىدى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىغا تايىنىش ئەمدى تۈپ تەدبىر بولۇشتىن قېلىپ، پەقەتلا بىر خىل شەكىلگە ئايلىنىپ قالدى، دەپ قارىماقتا. بۇ خىل قاراش خاتا. شۇنى بىلىپ قويۇش كېرەككى، ھەرقانچە ئىلمىي باشقۇرۇش، ھەرقانچە ياخشى مېخانىزمنىمۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ؛ ھەرقانچە ياخشى تېخنىكا، ھەرقانچە ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنىمۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ ئىگەللىشىگە توغرا كېلىدۇ. ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش، ئۆزگەرتىپ تەشكىللەش، ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىلغانسېرى، كارخانا باشقۇرۇش كۈچەيتىلگەنسېرى، جان-دىل بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىغا تايىنىپ كارخانا باشقۇرۇش كېرەك.

كارخانا رەھبىرىي كادىرلىرى چوقۇم ماركسىزملىق ئاممىۋى كۆز قاراشنى تۇرغۇزۇپ، پارتىيىنىڭ ئاممىۋى لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇشى كېرەك. بۇ قېتىمقى تەكشۈرۈش جەريانىدا مۇنداق بىر ئىشنى بايقىدۇق، بىر قىسىم رەھبىرىي كادىرلار كارخانىنىڭ ئېغىر يۈكىنى يۈدۈۋېلىشىغا، سالغىدەك سېلىنمىنىڭ بولماسلىقىغا، تەرەققىياتتىن ئۈمىد ئۈزۈشكە رازىكى، ھەر يىلى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئاز-تولا پاراۋانلىق بېرىدىكەن، بۇ خىل ئۇسۇل قارىماققا ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلغاندەك، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىنى كۆزلىگەندەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، ئاخىرقى ھېسابتا ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ تۈپ مەنپەئىتىگە ۋە يىراق كەلگۈسى مەنپەئىتىگە زىيانلىقتۇر. ماھىيەتتە، بۇنىڭ ئۆزى شۇ رەھبەرلەرنىڭ سايلام بېلەتى ئۈچۈن كىشىلەرنى ئۆزىگە تارتقانلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بىلەن كارخانىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى بىردەك بولىدۇ، پەقەت كارخانىنىڭ ئۈنۈمى ئاشقاندىلا، ئاندىن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ شەخسىي مەنپەئىتى بولىدۇ؛ پەقەت كارخانا ئۆزلۈكسىز زورايغان، تەرەققىي تاپقاندىلا، ئاندىن ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ كەلگۈسى مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، كارخانا رەھبىرىي كادىرلىرىنىڭ ئابرويى ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا تىجارەتتە گەۋدىلىك نەتىجە يارىتىش ئارقىلىق تۇرغۇزۇلىدۇ، پەقەت بازارغا ماسلىشىشتا، بازارنى ئىگەللەشكە ئۇستا بولۇپ، كارخانىنى بازار رىقابىتىدە تەرەققىياتقا ئىگە قىلغاندىلا، ئاندىن كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ ھىمايىسىگە ھەقىقىي ئېرىشكىلى بولىدۇ. كارخانا رەھبىرىي كادىرلىرى تۆۋەندىكىدەك تۆت خىل مۇناسىۋەتنى

توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا دىققەت قىلىشى كېرەك: ئاممىغا تايىنىش بىلەن ئاممىنى تەربىيىلەش، ئاممىنى يېتەكلەشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش؛ ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ شەخسىي مەنپەئىتى بىلەن دۆلەت مەنپەئىتى، كوللېكتىپ مەنپەئىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش؛ كارخانىنىڭ كۆز ئالدىدىكى مەنپەئىتى بىلەن يىراق كەلگۈسى مەنپەئىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش، كارخانىنىڭ يىراق كەلگۈسى تەرەققىيات ئومۇمىيىتىنى نەزەرگە ئالغان هالدا، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش؛ يۇقىرىغا جاۋابكار بولۇش بىلەن خەلق ئاممىسىغا جاۋابكار بولۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، يۇقىرىغا جاۋابكار بولۇش بىلەن تۆۋەنگە جاۋابكار بولۇشنىڭ بىردەكلىكىدە چىڭ تۇرۇش.

جان-دىل بىلەن ئىشچىلار سىنىپىغا تايىنىش فاڭجېنىنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى تۈزۈم بىلەن كاپالەتلەندۈرۈش كېرەك. جان-دىل بىلەن ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىغا تايىنىپ كارخانا باشقۇرۇشتا، پۈتۈن بىر يۈرۈش تۈزۈملەرنى ئورنىتىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. ئەمەلىيەت جەريانىدا، نۇرغۇن كارخانىلار ئۆزلىرىنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، بىر قاتار قائىدە-نىزاملارنى ئورناتتى، مەسىلەن چوڭ-چوڭ تەدبىرلەرنى ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ مۇهاكىمە قىلىپ تەكشۈرۈشىگە تاپشۇرۇش تۈزۈمى، رەهبىرىي كادىرلارنى دېموكراتىك باهالاش تۈزۈمى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرىنىڭ كۆزدىن كەچۈرۈش-تەكشۈرۈش تۈزۈمى ھەمدە ئىشچى-خىزمەتچىلەر ۋەكىللىرىنىڭ مۇدىرىيەتكە، نازارەت ھەيئىتىگە كىرىش تۈزۈمى قاتارلىقلار. بولۇپمۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيى تۈزۈمى، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ دېموكراتىك باشقۇرۇشىنىڭ ئاساسىي شەكلى ۋە ئاساسلىق يولى بولۇش سۈپىتى بىلەن كارخانىنى دېموكراتىك باشقۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىجابىي رول ئوينىماقتا. كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىغا بولغان رەهبەرلىكنى كۈچەيتىشى ھەمدە ئىشچىلار ئۇيۇشمىسى ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەر قۇرۇلتىيىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئاممىسىنىڭ قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداپ، دېموكراتىك باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشكە دىققەت قىلىشى كېرەك.

**5. كارخانىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدىگەن هالدا، ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسى ۋە پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك**

كارخانا ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسى ئاممىا بىلەن بىۋاسىتە ئالاقە باغلاش، ئاممىغا تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش، ئاممىنى تەشكىللەش، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئاساسىي قاتلامغىچە ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈز زىممىسىگە ئالغان. تەكشۈرۈش ئەھۋالى شۇنى كۆرسەتتىكى، ياخشى باشقۇرۇلغان كارخانىلاردا، ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسى ۋە پارتىيە ئەزالىرىنىڭ رولىمۇ ياخشى جارى بولغان. شۇڭلاشقا، ھەر دەرىجىلىك پارتكوملار، بولۇپمۇ كارخانا پارتكوملىرى ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسى ۋە پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىنى مۇھىم

كۆنتەرتپكە قويۇپ، ھەقىقىي تۈتۈپ ئىشلىشى كېرەك.

نىشانىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىش كېرەك. كارخانا ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇلۇشىدا، تىرىشىپ ”4تە ياخشى بولۇش“ نىشانىنى، يەنى بىر ياخشى بەنزە بولۇش، بۆلۈپمۇ بىر ياخشى شۇجى بولۇش؛ كارخانا ئىسلاھاتى، تەرەققىياتى جەريانىدا، قىيىنچىلىق ۋە خەۋپ-خەتەرلەرنىڭ سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى جەريانىدا ئاۋانگارت-نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرالايدىغان بىر ياخشى پارتىيە ئەزالىرى قوشۇنى بولۇش؛ كارخانىنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات تەلەپلىرىگە ماسلىشالايدىغان، ئىشلەپچىقىرىش-تىجارەت بىلەن زىچ بىرلەشكەن، كارخانا پارتىيە تەشكىلىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلالايدىغان بىر ياخشى خىزمەت مېخانىزمى بولۇش؛ پارتىيە ئەزالىرىنى تەربىيىلەش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىدىغان، ئۆزىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان زىددىيەت ۋە مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا ھەل قىلىپ، ئۇيۇشۇش كۈچى ۋە جەڭگىۋار كۈچىنى داۋاملىق كۈچەيتىدىغان بىر ياخشى خىزمەت تۈزۈمى بولۇش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم.

بەلگىلىك ھەرىكەت شەكلىنى توشۇغۇچى قىلىپ، ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ خىزمەت ئۈنۈمدارلىقىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەك. ئېسىل ئەنئەنىلەرنى جارى قىلدۇرۇش بىلەن بىللىق يارىتىشنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ۋە زامانىۋى كارخانا تۈزۈمى ئورنىتىشنىڭ يېڭى تەلەپلىرىگە ماسلىشىپ، پارتىيە تەشكىلاتى ھەرىكىتىنىڭ شەكلى، ئۇسۇلىنى ياخشىلاپ، يېڭى مەزمۇنلارنى قوشۇپ، بىرمۇنچە ئۈنۈملۈك ھەرىكەت توشۇغۇچىسىنى شەكىللەندۈرۇش يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى كارخانا ئاساسىي قاتلام پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتىدە بولغان ئىجادىيەت ۋە ئىلگىرىلەشتۇر. مەسىلەن، باۋدىڭ نېفىت خىمىيە زاۋۇتى، شىجياجۇاڭ تراكتور زاۋۇتى، شىگتەي جىگنىيۇ ئەينەك گۇرۇھى قاتارلىق كارخانىلار قانات يايدۇرغان ”مۇنەۋۋەر پارتىيە ياچېيكىسى قۇرۇپ چىقىش“، ”پارتىيە ئەزالىرىنىڭ خىزمەت ئورنىدا ئەلا نەتىجە يارىتىش مۇسابىقىسى“، ”كارخانىنىڭ باشلامچىسى بولۇش ئۈچۈن بەسلەشىش“، ”پارتىيە ئەزالىرىنىڭ مەسئۇلىيەت رايونى“، ”پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق ئىش ئورنى“ قاتارلىق ھەرىكەتلەر پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارت-نەمۇنىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق شارائىتلارنى يارىتىپ، كەڭ پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋە خىزمەتتىكى ئاكتىپلىقىنى قوزغىغان، ھەرىكەت ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك بولغان. بۇ ئەمەلىيەت تەجرىبىلىرىنى كېڭەيتىپ قوللىنىش ئۈچۈن، ئۇلار ئۈستىدىن بىرقەدەر سىستېمىلىق خۇلاسىلەش ۋە ئۆلچەملەشتۈرۈش ئىشلىرىنى ئېلىپ بېرىشقا دىققەت قىلىش كېرەك.

تەشكىلاتنى ساغلاملاشتۇرۇپ، پارتىيە ئەزالىرىنى باشقۇرۇش ۋە تەربىيىلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىش كېرەك. بەلگىلىك مىقداردىكى پارتىيە ئەزالىرى بار، كۆلىمى بىر قەدەر چوڭ بولغان بۆلۈملەر ۋە ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىدا، ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسىنى قۇرۇپ، مەخسۇس ۋەزىپىدىكى پارتىيە ياچېيكىسى

شۇجىسىنى سەپلەش كېرەك. نۆۋەتتە، كارخانىلاردا پارتىيە ئەزالىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق چىڭ تۇتۇش، بولۇپمۇ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سەپپىدىكى مۇنەۋۋەر ياش ئىشچىلار ۋە تېخنىك خادىملىرىدىن پارتىيە ئەزالىرىنى قوبۇل قىلىشقا ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈش، پارتىيە ئەزاسى يوق ئىشلەپچىقىرىش بەن-گۇرۇپپىسىنى ئامالىنىڭ بېرىچە ئازايتىپ، پارتىيىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سەپپىدىكى كۈچىنى كۈچەيتىش كېرەك. ئاساسىي قاتلام پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ ھەربىكەت بازىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئەزالىرىغا بولغان تەربىيىنى كۈچەيتىپ، پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارت-نەمۇنىلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق، كارخانىلاردىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ ئابرويىنى تۇرغۇزۇپ، پارتىيىنىڭ پارلاق سىماسىنى نۇرلاندۇرۇش لازىم.

(ئاپتور: ج ك پ خېبېي ئۆلكىلىك كومىتېتىنىڭ شۇجىسى)

**تەرجىمە قىلغۇچى: كامىلجان تۇرسۇن**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# يېڭى دەۋردىكى مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى

بۇ خې

دۆلىتىمىز بىرلىككە كەلگەن كۆپ مىللەتلىك دۆلەت. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلۇشتىن ئىلگىرى، پارتىيە رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلابىي تايانچ بازا ھاكىمىيىتى مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنلارنى تۈزۈش ئارقىلىق ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشنى سىناق قىلغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن كېيىن، پارتىيە بىلەن دۆلەت مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنلارنى تۈزۈش ئارقىلىق، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقىغا ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى. بولۇپمۇ پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدا سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش ئوتتۇرىغا قويۇلغاندىن بۇيان، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى زور تەرەققىياتقا ئېرىشىپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ۋە پۈتكۈل دۆلەتنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم رول ئوينىدى. يېڭى دەۋردىكى مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ جەريانى ۋە تەجرىبىلىرىنى ئەسلەپ ئۆتۈش ۋە ئۇنى خۇلاسىلەش مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىشتە ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ.

## 1. يېڭى دەۋردىكى مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ نەتىجىلىرى

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، دۆلىتىمىزدە مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن تۈزۈش خىزمىتى ئومۇمىيۈزلۈك قانات يايدۇرۇلدى، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن-نىزاملارنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىمۇ بىرقەدەر چوڭ نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى مۇنۇلار:

1982-يىلى تۈزۈلگەن ئاساسىي قانۇن مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن تۈزۈش ئىشىنى قانۇنىي ئاساس بىلەن تەمىنلىدى. 1982-يىلدىكى ئاساسىي قانۇن 1954-يىلدىكى ئاساسىي قانۇننىڭ مىللىي مەسىلە توغرىسىدىكى ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا ۋارىسلىق قىلىپ ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇپ، 1954-يىلدىن بۇيانقى مىللەتلەر خىزمىتىدىكى ئىجابىي ۋە سەلبىي تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ، مىللىي مەسىلە توغرىسىدا بىرقەدەر ئەتراپلىق بەلگىلىمىلەرنى بەلگىلىدى، مەسىلەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى ھەققىدىكى

بەلگىلىمىلەر 1954-يىللىق ئاساسىي قانۇندىكى 6 ماددىدىن 11 ماددىغا كۆپەيتىلدى، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىمۇ بۇرۇنقى 4 تۈردىن 6 تۈرگە كېڭەيتىلدى، ھەمدە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادى، مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلغۇزۇش ئىنتايىن گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇلدى. 1982-يىللىق ئاساسىي قانۇن يەنە مىللىي باراۋەرلىك، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە ۋە مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىگە ئوخشاش مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپ ۋە ئاساسىي سىياسەتلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈردى. ئاساسىي قانۇنىنىڭ مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى بەلگىلىمىلىرى ھەم دۆلەتنىڭ مىللىي مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئەڭ يۇقىرى مىزانى، ھەم مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنلارنىڭ يادرو قىسمى، شۇنداقلا مىللىي ئىشلارغا دائىر بارلىق قانۇنلارنىڭ قانۇنىي ئاساسى ۋە ئۇلى.

1984-يىلدىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ تۈزۈلۈشى يېڭى دەۋردىكى مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن تۈزۈش خىزمىتىدىكى چوڭ نەتىجە ھېسابلىنىدۇ. 1984-يىلى 5-ئاينىڭ 31-كۈنى 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 2-يىغىنىدا مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ماقۇللاندى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئاساسىي قانۇن پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىگە نىسبەتەن ئەتراپلىق، كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى بەلگىلىدى، ھەمدە نۇقتىلىق ھالدا ئايتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقى، يۇقىرى دەرىجىلىك دۆلەت ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلىش، ھەرقايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئىشلىرىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش ۋە ياردەملىشىش جەھەتتىكى بۇرچى قاتارلىق مەسىلىلەرگە نىسبەتەن بەلگىلىمىلەرنى چىقاردى، بۇ بەلگىلىمىلەر ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئېلىپ بېرىشتىكى ئاكتىپلىقىنى قوزغاشتا غايەت زور رولنى جارى قىلدۇردى.

ئاساسىي قانۇن ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىدىن باشقا، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى 1979-يىلدىن 1996-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا تۈزۈپ چىققان 300 پارچىدىن ئارتۇق قانۇن ۋە قانۇنغا مۇناسىۋەتلىك قاراردىن 40 نەچچىسى مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، مەزمۇنى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. گوۋۇيۈەن ۋە ئۇنىڭغا قاراشلىق تارماقلار مىللىي مەسىلە ھەققىدىكى بىر قىسىم مەمۇرىي نىزام ياكى مەمۇرىي قائىدىلەرنى تۈزۈپ چىقتى. قارىمىقىدا ئاپتونوم ئوبلاست، ئاپتونوم ناھىيە بار 12 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى يۈرگۈزۈشنىڭ بىرقانچە بەلگىلىمىلىرىنى تۈزۈپ چىقتى، يەنە 10 ئۆلكە تارقاق ئولتۇراقلىشىپ ياشاۋاتقان ئاز سانلىق مىللەتلەر خىزمىتىگە مۇناسىۋەتلىك 11 نىزامنى بەلگىلىدى. 1996-يىل 7-ئايغا كەلگىچە، مەملىكەت بويىچە جەمئىي 25 ئاپتونوم

ئوبلاست، 98 ئاپتونوم ناھىيە (خوشۇن) ئاپتونومىيە نىزامىنى تۈزۈپ چىقتى، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئايرىم نىزامىدىن 136 پارچىسىنى، جانلىق ئىجرا قىلىنىدىغان بەلگىلىمە ۋە قوشۇمچە بەلگىلىمىدىن 60 پارچىسىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ قانۇن-نىزاملار دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي رامكىسىنى شەكىللەندۈرۈپ، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى تەڭشەشنىڭ ئاساسىي تەرەپلىرىدە ئەمەل قىلىدىغان قانۇن بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى.

مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن تۈزۈش خىزمىتى ھەر تەرەپلىمە ئالغا ئىلگىرىلەش بىلەن بىرگە، يېڭى دەۋردىكى مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن، نىزاملارنىڭ يولغا قويۇلۇشىدىمۇ بىرقەدەر چوڭ نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. 1984-يىلى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، بولۇپمۇ دۆلەتنىڭ بىرىنچى بەش يىللىق قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش پىلانى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، مەركەزدىن تارتىپ جايلارغىچە بولغان ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر ھەر خىل ۋاسىتىلەر ئارقىلىق كۆپ خىل شەكىللەرنى قوللىنىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنى تەشۋىق قىلدى، ھەرقايسى ئاپتونومىيىلىك جايلارمۇ ئۆز جايلىرىنىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرىنى قانۇننى ئومۇملاشتۇرۇش مەزمۇنىغا كىرگۈزدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان زور كۈچ بىلەن تەشۋىقات ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسەتلىرى ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنلىرى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى، ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىنىڭ مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن، نىزاملارغا رىئايە قىلىش ۋە ئۇنى ئىجرا قىلىشتىكى ئاڭلىقلىقى ئىنتايىن زور دەرىجىدە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مەركەز بىلەن يەرلىك ھۆكۈمەتلەر مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن، نىزاملارنىڭ يولغا قويۇلۇش ئەھۋالىنى دائىم تەكشۈرۈپ ۋە نازارەت قىلىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە مۇناسىۋەتلىك نىزاملارنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردىكى ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلدى، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللەتلەر مۇناسىۋىتى ۋە مىللىي جايلاردىكى سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈردى. 1. 1984-يىلدىن بۇيان، يېڭىدىن 47 مىللىي ئاپتونومىيىلىك جاي قۇرۇلغان بولۇپ، بۇ پۈتۈن مەملىكەتنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار ئومۇمىي سانى (156)نىڭ 30 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ، بۇ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ قۇرۇلۇشى بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە ئاپتونومىيە ھوقۇقى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا كاپالەتكە ئىگە بولدى. 2. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ئىشلىتىشكە يەنىمۇ كۆڭۈل بۆلۈندى. مەملىكەت بويىچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 1983-يىلدىكى بىر مىليوندىن نۆۋەتتىكى 2 مىليون 400 مىڭدىن ئارتۇققا يەتتى. ھازىر ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسلىكىنى، ئاپتونوم ئوبلاستنىڭ باشلىقلىقىنى، ئاپتونوم ناھىيىنىڭ ھاكىملىقىنى تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يۈرگۈزگەن مىللەت پۇقرالىرى ئۆتىمەكتە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك

جايلارنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىدا تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يۈرگۈزگەن مىللەت ۋەكىللىرى مۇدىرلىق ياكى مۇئاۋىن مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىمەكتە. بۇنىڭدىن باشقا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرىنىڭ تەركىبىدىكى باشقا خادىملار ھەمدە خىزمەتچىلەرمۇ مۇمكىنقەدەر تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە يۈرگۈزگەن مىللەت ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەت خادىملىرىدىن تاللانغان بولۇپ، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى تولۇقلانغان. 3. مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادى ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلدى. ستاتىستىكىغا قارىغاندا، 1995-يىلى مەملىكەت بويىچە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 678 مىليارد 500 مىليون يۈەنگە يەتكەن بولۇپ، 1985-يىلدىكىنىڭ 8 ھەسسىسىدىن كۆپرەككە توغرا كېلىدۇ. 1986-يىلدىن 1994-يىلغىچە، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش نىسبىتى %10.7 بولۇپ، مىللىي رايونلاردىكى خەلقنىڭ تۇرمۇشى كۆرۈنەرلىك ياخشىلانغان. 4. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مائارىپ ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى بىرقەدەر تېز بولدى. مىللىي رايونلاردا باشلانغۇچ مەكتەپتىن 103 مىڭ 139ى، ئوتتۇرا مەكتەپتىن 11 مىڭ 563ى، ئالىي مەكتەپتىن 105ى قۇرۇلغان، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ چارۋىچىلىق، تاغلىق رايونلىرى يەنە ھەر جاينىڭ ئەھۋالىغا بېقىپ 6000 دىن ئارتۇق ياتاقلىق مىللىي ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلەرنى قۇردى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مەكتەپلەردە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلىرى پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتىدىن يۇقىرى سۈرئەت بىلەن زور ھەجىمدە كۆپەيمەكتە، مىللىي رايونلارنىڭ ئاھالىسىدە ساۋاتسىزلارنىڭ نىسبىتى روشەن تۆۋەنلەپ، ئاھالىنىڭ مەدەنىيەت ساپاسى كۆرۈنەرلىك يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل-يېزىق ئوقۇتۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈندى. نۆۋەتتە موڭغۇل، زاڭزۇ، ئۇيغۇر، قازاق، چاۋشيەنزۇ، جۇاڭزۇ قاتارلىق 21 مىللەتنىڭ 8 مىليونغا يېقىن ئوقۇغۇچىسى 30 خىل ئاز سانلىق مىللەت تىل-يېزىقىدا ئۆگىنىش قىلىدۇ، ھەر يىلى نەشر قىلىنىدىغان ئاز سانلىق مىللەت تىل-يېزىقىدىكى ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپ دەرسلىكى 2900 خىلدىن ئارتۇق بولۇپ، ئومۇمىي تىراژى 120 مىليوندىن ئارتۇق.

## 2. يېڭى دەۋردىكى مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى

مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى مىللىي مۇناسىۋەتنى تەڭشەپ، مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىن ئىبارەت، شۇڭا، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە

بەزى ئالاھىدە پرىنسىپلاردا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك.

(1) ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش، پارتىيىنىڭ مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىغا بولغان رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش. يولداش ماۋ زېدۇڭ باشچىلىقىدىكى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى ماركسىزمنىڭ مىللەت نەزەرىيىسىنى جۇڭگودىكى مىللىي مەسىلە ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، توغرا مىللىي سىياسەتلەرنى بەلگىلەپ، ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن دۆلەتنىڭ مۇستەقىل، مىللەتنىڭ ئازاد بولۇش يولىنى كۆرسىتىپ، يېڭى جۇڭگونى قۇرۇپ، باراۋەرلىك، ئىتتىپاقلىق، ئۆزئارا ھەمكارلىشىش ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى ئورنىتىپ بەردى. لېكىن، تەبىئىي، تارىخىي ۋە ئىجتىمائىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تەرەققىياتىدىكى تەكشىسىزلىك بىرقەدەر گەۋدىلىك بولماقتا، بولۇپمۇ ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەت تەرەققىيات سەۋىيىسى يەنىلا بىرقەدەر قالاق ھالەتتە تۇرماقتا. بۇلارنىڭ ھەممىسى دۆلىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مۇناسىۋىتىدە نۇرغۇن يېڭى ئەھۋاللار، يېڭى مەسىلىلەر بولۇپ ئىپادىلىنىپ، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى خىزمىتىگە تېخىمۇ ئېغىر ۋەزىپىلەرنى قويماقتا. شۇڭا، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، مىللىي مەسىلىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن، چوقۇم ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ۋە دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى توغرا تەھلىل قىلىش ۋە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۈپ مەنپەئىتى؛ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى بىزنىڭ ئەۋزەللىكىمىز؛ مىللىي سىياسەتلەرنى بەلگىلەشتە مىللىي باراۋەرلىكنى ھەقىقىي ئاساس قىلىش، مىللىي رايونلارنى تەرەققىي تاپقۇزۇشنى كۆزدە تۇتۇش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى قەدەممۇ قەدەم ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك دېگەندەك ئاساسىي كۆزقاراشلار يېڭى دەۋردىكى مىللەتلەر خىزمىتى ئۈچۈن يۆنىلىش كۆرسىتىپ بەردى، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا بۇلارغا چوقۇم ئەمەل قىلىشىمىز كېرەك.

كومپارتىيە بولمىسا يېڭى جۇڭگومۇ بولمايدۇ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئازادلىقى ۋە باراۋەرلىكى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىياتى ۋە ئورتاق گۈللىنىشىمۇ بولمايدۇ. ماركسىزمنىڭ ھەرقايسى مىللەتلەر چوڭ-كىچىك دەپ ئايرىلماستىن باپباراۋەر بولىدۇ دەيدىغان پرىنسىپىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش، ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئارزۇ قىلىپ كەلگەن مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى، ئىناقلىقىنى ئىشقا ئاشۇرۇش، ۋەتەننى بىرلىككە كەلتۈرۈش، قۇدرەت تاپقۇزۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ غايىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، بىزدىن مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا چوقۇم جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە

چىڭ تۇرۇش، چوقۇم پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىشكە پايدىلىق بولۇش يولىنى تۇتۇش تەلەپ قىلىنىدۇ.

(2) مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇش. مىللەتلەر باراۋەرلىكىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش، ھەمدە مۇشۇ ئاساستا مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ماركسىزملىق مىللەت قارىشىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ يادروسى، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىنىڭ، ئورتاق گۈللىنىشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. دۆلىتىمىزنىڭ مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا، مىللەتلەر باراۋەرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى پرىنسىپىغا تەۋرەنمەي قەتئىي ئەمەل قىلىپ، ماركسىزملىق مىللەت قارىشى بويىچە ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىنى تەھلىل قىلىش ۋە چۈشەندۈرۈش، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق ساھەلەردە شەكىللەنگەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىك ۋە ئېھتىياجلىرىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈش كېرەك. مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىش ۋە يولغا قويۇش ئارقىلىق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيىسىنى ئېلىپ بېرىپ، ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىشى، ئۆزئارا ئىشىنىشىنى تەشەببۇس قىلىپ، ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىگە مىللەتلەر ئىتتىپاق بولسا دۆلەت روناق تاپىدۇ، مىللەتلەر بۆلۈنۈپ كەتسە، دۆلەت زاۋاللىققا يۈز تۇتىدۇ دېگەن داۋلىنى ھەققىي چۈشەندۈرۈش، ”خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەردىن ئايرىلالمايدۇ، ئاز سانلىق مىللەتلەر خەنزۇلاردىن ئايرىلالمايدۇ“، ”ھەرقايسى مىللەتلەر ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش“ دېگەن ئىدىيەلەرنى ھەرقايسى مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئورتاق قارىشىغا ئايلاندۇرۇش كېرەك.

(3) ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى قوغداش ۋە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا چىڭ تۇرۇش. كۆپ مىللەتلىك دۆلەتلەرنىڭ ھەممىسىدە دۆلەت ئىچىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى قانداق ھەل قىلىش مەسىلىسى مەۋجۇت. دۆلىتىمىزدىكى مىللىي مەسىلىنىڭ تارىخى ۋە ھازىرقى ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، بىرلا خىل تۈزۈمدىكى دۆلەت شەكلىنى قوللىنىش ھەمدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ ئەڭ ياخشى شەكلى بولۇپ، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدۇ. خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسىتىپ ئۆتكىنىدەك، ”مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، جۇڭگودا مىللىي جۇمھۇرىيەتلەر ئىتتىپاقى تۈزۈمى يولغا قويۇلماي، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمى يولغا قويۇلدى. بىزنىڭ قارىشىمىزچە، بۇ تۈزۈم — بىرقەدەر ياخشى تۈزۈم، جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان تۈزۈم“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 532—533-بەتلەر). ھەرقايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار پۈتۈن مەملىكەتنىڭ باشقا جايلىرىغا ئوخشاشلا، دۆلىتىمىزنىڭ ئايرىلماس قىسمى، ھەممىسى دۆلەتنىڭ ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلىرىنى

ئىزچىل ئىجرا قىلىدۇ. لېكىن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ يەنە ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرى بار، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلار باشقا يەرلىك دۆلەت ئورگانلىرى بىلەن ئوخشاش ھوقۇقنى يۈرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا بەلگىلەنگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىنىمۇ يۈرگۈزىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش دۆلەتنىڭ مەركەزلىكى ۋە بىرلىكىنى ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ئاپتونومىيىسى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە، پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە، دۆلەتنىڭ قۇدرەت تېپىشىنى مىللەتلەرنىڭ گۈللىنىشى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە، ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ۋەتەننى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتىنى ئۆز مىللىتىنى قىزغىن سۆيۈش ھېسسىياتى بىلەن بىرلەشتۈرۈشكە پايدىلىق.

(4) مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىدە چىڭ تۇرۇش. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ قالاق ھالىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى قەدەممۇ قەدەم ئىشقا ئاشۇرۇش دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك تۈزۈمىنىڭ تۈپ تەلىپى، پارتىيە بىلەن دۆلەتنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئاساسىي پرىنسىپى، شۇنداقلا مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ۋەزىپىسى. بۇ پەقەت ئىقتىسادىي مەسىلە بولۇپلا قالماستىن، يەنە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، جەمئىيەت مۇقىملىقىغا مۇناسىۋەتلىك چوڭ سىياسىي مەسىلىدۇر. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1950-يىلىلا مۇنداق دەپ كۆرسىتىپ ئۆتكەنىدى: "مىللىي تېررىتورىيە-لىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرمىسەك، ئاپتونومىيە دېگىنىمىزمۇ قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 386-بەت) ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلىۋات-قان، ئىشىك سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن يېڭى ۋەزىيەتتە، ئۇ يەنە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: "سوتسىيالىزمنىڭ ئەڭ چوڭ ئەۋزەللىكى—ئورتاق بېيىش، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ بېرىدىغان نەرسە ئەنە شۇ. ئەگەر ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈش يولى تۇتۇلسا، ئەھۋال باشقىچە بولۇپ قالىدۇ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، رايونلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت، سىنىپلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر ئەۋج ئالىدۇ، مەركەز بىلەن جايلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتمۇ شۇنىڭغا يارىشا ئەۋج ئالىدۇ، شۇنىڭ بىلەن چاتاق چىقىدۇ." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 3-توم، 756—757-بەتلەر) ئوتتۇرا، غەربىي قىسمىدىكى مىللىي رايونلارنىڭ گەرچە ئىقتىسادىي ئاساسى قالاق بولسىمۇ، لېكىن بۇ رايونلار مول بايلىققا ئىگە بولۇپ دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىدا بارغانسېرى مۇھىم ئورۇننى تۇتۇۋاتىدۇ. دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك زامانىۋى-لاشتۇرۇش ئىشىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىدىن ئايرىلالمايدۇ، مىللىي رايونلارنىڭ تەرەققىياتىمۇ دۆلەتنىڭ ۋە تەرەققىي تاپقان رايونلارنىڭ ياردىمىدىن ئايرىلالمايدۇ. خەنزۇلار ۋە ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئەقىل-پاراسىتى ۋە ئاكتىپلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش، تەرەققىي قىلغان خەنزۇلار رايونلىرى-

نىڭ ئىلغار تېخنىكىسى ھەممە باشقا ئەۋزەللىكلىرى بىلەن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ بايلىق ئەۋزەللىكلىرىنى بىرلەشتۈرۈش—بۇ، دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش ۋە مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈشنىڭ مۇھىم يولىدۇر.

(5) ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى چىقىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇش. تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، دۆلىتىمىزدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، بىر-بىرىدىن كۆپ پەرقلىنىدۇ. مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ۋە ھەرقايسى رايونلارنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىغا، دۆلەتنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ مەنپەئىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئۈچۈن، چوقۇم ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى چىقىش قىلىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا، مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ئورگانلىرى ئۆز جايلىرىنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن دۆلەتنىڭ قانۇن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىدۇ؛ شۇ يەردىكى مىللەتلەرنىڭ سىياسىي، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىگە ئاساسەن ئاپتونومىيە نىزاملىرىنى ۋە ئايرىم نىزاملارنى بەلگىلەيدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇنىڭ ئۈچۈن، بىرىنچىدىن، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنلارنى تۈزۈشتە، مىللىي رايونلاردىكى كونكرېت مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى چىقىش قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ. مەسىلەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويۇش ھەققىدە كونكرېت بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈپ چىققان، لېكىن پۈتۈن مەملىكەتتىكى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، نۇرغۇن بەلگىلىمىلەر يەنىلا پرىنسىپ خاراكتېرلىك بولۇپ، ھەرقايسى مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ يەنە شۇ جاينىڭ سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى، شۇ ئاپتونومىيىلىك جاينىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئېھتىياجىنى چىقىش قىلىپ، ئاپتونومىيە نىزاملىرىنى ۋە ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىش ئارقىلىق، كونكرېت مەسىلىلەرنى قاراتمىلىقى بولغان ھالدا ھەل قىلىشلىرىغا توغرا كېلىدۇ. ئىككىنچىدىن، نۆۋەتتىكى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش جەريانىدا، ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەردە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرمەكتە، مىللىي رايونلاردا ۋە مىللىي خىزمەتلەردە مۇقەررەر ھالدا نۇرغۇن يېڭى ئەھۋاللار ۋە يېڭى مەسىلىلەر مەيدانغا چىقىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن، چوقۇم چوڭقۇر تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن تۈزۈشنى ئوبيېكتىپ ئاساسلار بىلەن تەمىنلەپ، تۈزۈپ چىقىلغان قانۇن-نىزاملارنى قاراتمىلىققا ئىگە قىلىپ، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەقىقىي رەۋىشتە ھەل قىلالايدىغان قىلىش كېرەك.

## 3. يېڭى دەۋردىكى مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ۋەزىپىسى

1992-يىلى باش شۇجى جياڭ زېمىن مەركىزىي مىللەتلەر خىزمىتى يىغىنىدا: ”مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئاخىرىغىچە، مىللىي ئىشلار ساھەسىدە بىرقەدەر مۇكەممەل بولغان سوتسىيالىستىك قانۇن-نىزام سىستېمىسى ۋە نازارەت مېخانىزمىنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك“ دەپ كۆرسەتتى. بۇ، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىدا نۆۋەتتە جىددىي ئورۇنداشقا تېگىشلىك ۋەزىپىدۇر. بۇ ۋەزىپىنى ئورۇنداش ئۈچۈن، نۆۋەتتە تۆۋەندىكىدەك بىرقانچە تەرەپتىكى خىزمەتلەرنى نۇقتىلىق ياخشى ئىشلەش كېرەك:

1. مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىم ئەھمىيەتكە بولغان تونۇشنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى پۈتۈنلەي قانۇنچىلىق يولىغا سېلىش لازىم. سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش— مەملىكىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ بىر تۈپ ۋەزىپىسى ۋە پرىنسىپى. باش شۇجى جياڭ زېمىن يېقىندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”قانۇن بويىچە دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ۋە ئۇنىڭدا چىڭ تۇرۇش دېگەنلىك، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى قانۇنلاشتۇرۇشنى، قېلىپلاشتۇرۇشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ قانۇن بەلگىلىملىرى بويىچە، تۈرلۈك يوللار ۋە شەكىللەر ئارقىلىق دۆلەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا، ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەت ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا، ئىجتىمائىي ئىشلارنى باشقۇرۇشقا قاتنىشىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئەمەل قىلىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇنغا چوقۇم ئەمەل قىلىش، قانۇننى چوقۇم قاتتىق ئىجرا قىلىش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈشنى ھەقىقىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، تۈرلۈك ئىشلارنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق يولىدا ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش دېگەنلىكتۇر.“ مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللىي رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈش، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان يولداشلار ”پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇش، ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، ئېچىۋېتىشنى كېڭەيتىش، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش، مۇقىملىقنى ساقلاش“ ئومۇمىيەتنى كۆزدە تۇتۇپ، دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە تىنچ بولۇشىنى قوغداش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن تۈزۈش قەدىمىنى تېزلىتىپ، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن سىستېمىسىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن-نىزاملارنى ھەقىقىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي ئىشلارغا دائىر

قانۇن-نىزاملارنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ئۈستىدىكى تەكشۈرۈش ۋە نازارەتچىلىكنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مىللەتلەر خىزمىتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ھالدا قانۇنچىلىق يولىغا سېلىشى كېرەك.

2. ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىقنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىپ، مىللىي ئىشلارغا دائىر جىددىي ئېھتىياجلىق بولغان قانۇن-نىزاملارنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈپ چىقىش كېرەك. ئالدى بىلەن مىللىي ئىشلارغا دائىر مەملىكەتلىك ۋە يەرلىك قانۇن چىقىرىش پىلانلىرىنى ئىمكانقەدەر تېز تۈزۈپ چىقىش كېرەك. مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن چىقىرىش پىلانلىرىنى تۈزۈشتە، ئاساسىي قانۇننى ئاساس قىلىش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتى-نى ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈشنى ئاساسىي نىشان قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىقنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنلار بىلەن باشقا قانۇنلارنىڭ بىر-بىرىگە ماس كېلىشى ۋە بىردەك بولۇشىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. بۇ سۆز ھەم مىللىي ئىشلارغا دائىر بارلىق قانۇنلار ئاساسىي قانۇنغا ۋە دۆلەت تۈزگەن باشقا قانۇنلارغا زىت كەلمەسلىكى، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلاردا ئەمەل قىلىنىشى ۋە ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك، دېگەن مەزمۇننى، ھەم چىقىرىلغان قانۇنلاردا مىللىي مەسىلىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئالاھىدىلىكى گەۋدىلەندۈرۈلۈشى كېرەك، دېگەن مەزمۇننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىز پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە ھەر دەرىجىلىك پارتكوملارنىڭ رەھبەرلىكىدە، ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى ۋە ھۆكۈمەت-لەرنىڭ مىللەتلەر خىزمىتى ئورگانلىرىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، مىللەتشۇناسلىق، قانۇنشۇناسلىق، ئىقتىسادشۇناسلىق، ئىجتىمائىيەت قاتارلىق ساھەلەردىكى مۇتەخەسسىس، ئالىملار بىلەن بىرلىشىپ، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، تەتقىقات ۋە مۇھاكىمىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، مۇشۇ بىر-ئىككى يىلدا تىرىشىپ مەملىكىتى-مىزنىڭ مىللىي ئىشلارغا دائىر ئەسىر ھالقىيدىغان قانۇن چىقىرىش پىلانىنى تۈزۈپ چىقىشىمىز لازىم.

9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىن 2010-يىلغىچە، مەملىكىتىمىزدە پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە بۇرۇلۇش ئىشقا ئاشۇرۇلىدۇ. ئاساسىي قانۇننىڭ تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن لايىھىسىدە "دۆلەت سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنى يولغا قويىدۇ"، "دۆلەت ئىقتىسادقا دائىر قانۇن چىقىرىشنى كۈچەيتىدۇ" دەپ بەلگىلەنگەن. ئىقتىسادقا دائىر قانۇن چىقىرىشنى كۈچەيتىش ھازىرقى باسقۇچتىكى پۈتكۈل سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي خىزمىتى، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن چىقىرىشمۇ ئەلۋەتتە بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. نۆۋەتتە، ئاز سانلىق مىللەتلەر ۋە ئازا سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئەڭ جىددىي تەلىپى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، شەرقىي قىسمىدىكى تەرەققىي قىلغان رايونلار بىلەن بولغان پەرقنى قەدەممۇقەدەم كىچىكلىتىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، قانۇن چىقىرىش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇنىڭدىن كېيىنكى مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسىي خىزمىتى شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، بىرىنچى، دۆلەت چىقارغان ئىقتىسادقا دائىر قانۇنلاردا، ھەم سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكىنىڭ

ئومۇمىي قانۇنىيىتىنى ۋە دۆلەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈش، ھەم ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتى ئارقىدا قالغانلىقىدەك ئالاھىدە ئەھۋالىنى نەزەرگە ئېلىپ، ئاساسىي قانۇننىڭ دۆلەت ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنى تېز تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ دېگەن پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنۇملۇك بولغان ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى قانۇن شەكلى بىلەن نامايان قىلىش كېرەك. ئىككىنچى، بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنىڭ تەلىپىگە بىنائەن، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ۋە مىللىي ئىشلارغا دائىر باشقا قانۇن-نىزاملاردىكى رېئال ئەھۋالغا ماس كەلمەيدىغان بەلگىلىمىلەرنى چىڭ تۇتۇپ تۈزىتىش كېرەك. ئۈچىنچى، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىغا قوشۇمچە بولىدىغان مەمۇرىي قانۇن-نىزام ۋە بەش ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرىنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈپ چىقىش لازىم. چۈنكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنىنىڭ بەزى بەلگىلىمىلىرى بىرقەدەر پرىنسىپال بەلگىلىمىلەر بولۇپ، ئۇنى گوۋۇيۈەننىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىنىڭ يەنىمۇ كونكرېتلاشتۇرۇ- شىغا توغرا كېلىدۇ؛ بەش ئاپتونوم رايوننىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرى مەركەز ۋە ئالاقىدار تارماقلار بىلەن ئاپتونوم رايونلارنىڭ باشقۇرۇش ھوقۇقى دائىرىسىنى ئايرىشقا چېتىلىدۇ، شۇڭا، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئاپتونومىيە نىزاملىرىنى ئىمكانقەدەر تېز تۈزۈپ چىقىش بۇ مۇنسىۋەتلەرنى ئەقلىغە مۇۋاپىق ئايرىش ۋە ئېنىق قېلىپلاشتۇرۇشقا پايدىلىق، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىكى ئاكتىپلىقى ۋە تەشەببۇسكارلىقىنى جارى قىلدۇرۇشقا پايدىلىق. تۆتىنچى، مىللىي ئاپتونوم جايلار ئايرىم نىزاملارنى، جانلىق ئىجرا قىلىنىدىغان بەلگىلىمىلەرنى ۋە قوشۇمچە بەلگىلىمىلەرنى چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىشى كېرەك. ئاپتونوم جايلارنىڭ بەزى ئالاھىدە مەسىلىلىرىگە نىسبەتەن، دۆلەت مەخسۇس ھالدا بىر تۇتاش قانۇن چىقارمىغان ۋە شۇنداق قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس، لېكىن بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىنى قانۇن چىقىرىش ئارقىلىق قېلىپلاشتۇرۇش ۋە كاپالەتلەندۈرۈش ھەقىقەتەن زۆرۈر، بۇ ھال ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاساسىي قانۇن بەرگەن ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى تولۇق يۈرگۈزۈپ، ئايرىم نىزاملارنى تۈزۈش ئارقىلىق ھەل قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بەزى مەسىلىلەرگە قارىتا، دۆلەت گەرچە قانۇن چىقارغان بولسىمۇ، لېكىن ئاپتونوم جايلارنىڭ ئالاھىدە ئەھۋالىغا ماس كەلمەيدۇ، ياكى ئۇنىڭدىكى بەلگىلىمە كونكرېت ئەمەس، بۇنداق ئەھۋالدا، ئاپتونوم جايلار جانلىق ئىجرا قىلىنىدىغان بەلگىلىمىلەر ۋە قوشۇمچە بەلگىلىمىلەرنى تۈزسە بولىدۇ.

3. ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، ئىزدىنىشكە جۈرئەت قىلىپ، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن چىقىرىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش داۋامىدىكى قىيىن مەسىلىلەر ئۈستىدىكى تەتقىقاتنى كۈچەيتىش كېرەك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى قۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش داۋامىدا مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى- نى ئېلىپ بېرىش بىر تۈرلۈك ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان ئىش. بۇنداق بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ تارىخى ئۇزاق ئەمەس، تەجرىبىسىمۇ كۆپ

ئەمەس، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنشۇناسلىق تەتقىقاتى دەسلەپكى باسقۇچتا تۇرماقتا، يالغۇز بۇلا ئەمەس، تېخىمۇ مۇھىمى شۇكى، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىشنىڭ ئۆزى بىر مەيدان تۈپ خاراكتېرلىك ئىسلاھاتتۇر. شۇڭا، ئىلگىرىلەش داۋامىدا نۇرغۇنلىغان يېڭى مەسىلىلەر ۋە قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇپ تۇرىمىز. مەسىلەن، پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسى شارائىتىدا، بىز باجنى كېمەيتىش-كەچۈرۈم قىلىش، تۆۋەن ئۆسۈملۈك قەرز بېرىش، پايدا ۋە مەھسۇلاتنى پىرسەنت بويىچە قالدۇرۇش، ئالاھىدە مالىيە سىياستى قاتارلىق ۋاستىلەر ئارقىلىق مىللىي ئاپتونوم جايلارنى يۆلەشنى تەكىتلەيتتۇق. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، مىللىي ئاپتونوم جايلارغا ئېتىبار بېرىش سىياستىنى قانداق ياخشىلاش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك؟ ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن دۆلەت قولىدىن كېلىشىچە ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىقتىساد، مەدەنىيىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىغا ياردەم بېرىدۇ دېگەن پرىنسىپنى ئىقتىسادقا دائىر قانۇنلاردا قانداق نامايان قىلىش كېرەك؟ مىللىي ئاپتونوم جايلارنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىغا قانداق قىلىپ ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلىش كېرەك، دېگەندەك مەسىلىلەرنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەتلەر رايونلىرىنىڭ ئىسلاھاتى ۋە مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن چىقىرىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش داۋامىدىكى قىيىن نۇقتىلاردۇر. بۇ ھال بىزدىن ئىسلاھات روھى بىلەن بۇ قىيىن مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىلمىي تەتقىقات ئورگانلىرى، مۇتەخەسسىس-ئالىملار ۋە جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەدىكى كۈچلەرنى ئىشقا سېلىپ، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خىزمەتچىلەر بىلەن بىللە، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇن چىقىرىش، قانۇننى ئىجرا قىلىش داۋامىدىكى تۈرلۈك قىيىن مەسىلىلەر ئۈستىدە ئورتاق تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، مىللىي ئىشلارغا دائىر قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ سۈرئىتىنى تېزلىتىشىمىز لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: كامىلجان تۇرسۇن**
**ئادالەت مۇھەممەت**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# قىمەتلىك ئىزدىنىش

## شيۇ مۇ

يېقىندا، پايتەختنىڭ قۇرۇلۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان كىشىلەر ئادەمنىڭ دىققىتىنى جەلپ قىلىدىغان مۇنداق بىر خەۋەرگە ئەھمىيەت بەرمەكتە، ئۇ بولسىمۇ، بېيجىڭدا مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى دەرىجىلىك كادىرلارنى ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈش ئىشى ئېلىپ بېرىلدۇ، بۇ تاللاپ ئۆستۈرۈش ئىشى 2-ئاينىڭ باشلىرىدا باشلىنىدۇ، تاللاپ ئۆستۈرۈلىدىغان ئادەم سانى 57 نەپەر، ”تىزىمغا ئالدۇرۇشتا تەشكىل كۆرستىش، ئاما كۆرستىش، شەخسلەر ئۆزىنى ئۆزى كۆرستىشتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئۇسۇل قوللىنىلىدۇ“ دېگەندىن ئىبارەت. تونۇشتۇرۇشقا ئاساسلانغاندا، ”ئالاقىدار تارماقلارنىڭ مەسئۇللىرى مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: مەيلى قايسى خىل تىزىمغا ئالدۇرۇش ئۇسۇلى قوللىنىلمىسۇن، ئىمتىھان بەرگۈچىلەرنىڭ ھەممىسى ئوخشاش بىر ئوقتىدىن رىقابەتلىشىدۇ، شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىچكى جەھەتتىن نامزات بەلگىلەپ قويمىغان“. تاللاپ ئۆستۈرۈلگەن يولداشلار ”شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك خەلق قۇرۇلتىيى، شەھەرلىك ھۆكۈمەت، شەھەرلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ قىسمەن كومىتېت، ئىشخانا، نازارەت، بۆلۈملىرىنىڭ ئورۇنباسار-لىرى ۋە قىسمەن ئىدارە، باش شىركەت، كارخانا ئورۇنلىرى ۋە كەسپىي ئورۇنلارنىڭ مەمۇرىي ئورۇنباسارلى-رى بولۇپ رەھبەرلىك ئورۇنلىرىغا چىقىدۇ“. بېيجىڭنىڭ ئادەم ئىشلىتىش تارىخىدا بۇ بىر چوڭ تەدبىر ھېسابلىنىدۇ.

ئاما كۆرستىش بىلەن ئۆزىنى ئۆزى كۆرستىشنى يولغا قويۇش، شەكىلۋازلىق، رەسمىيەتچىلىك قىلماي، ”ئوخشاش بىر ئوقتىدىن رىقابەتلىشىش“نى ئىشقا ئاشۇرۇش ئارقىسىدا، ياخشىلارنى تاللاپ ئىشقا قويۇشنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرۇلۇشىغا كەڭ زېمىن ھازىرلاپ بېرىلىدۇ ۋە قابىلىيەتلىكلەرنىڭ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشىغا سەھنە تەييارلاپ بېرىلىدۇ، بۇنىڭدا ھەركىم ئۆز قابىلىيىتىنى كۆرستەلەيدىغان بولىدۇ، ھەقىقىي يارامىلىق كىشىلەر ئۆز كارامىتىنى ئىشقا سېلىپ، خەلققە بەخت-سائادەت يارىتىدۇ. كادىرلار تۈزۈمىنى ئىسلاھ قىلىش كېرەك دەۋاتمايمىزمۇ؟ ياخشىلارنى تاللاپ ئىشقا قويۇش كېرەك دەۋاتمايمىزمۇ؟ مانا مۇشۇ ئىشنىڭ ئۆزى يېڭى دەۋرنىڭ ”ئالتۇن تەكچى“سى ۋە ئىختىساس ئىگىلىرىنى تاللاش ۋاستىسى، شۇنداقلا ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ تۈرتكىسىدە تەشكىلات خىزمىتى ۋە كادىرلار خىزمىتىدە بارلىققا كەلگەن ھەقىقىي ئۆزگىرىش.

ئۈچ تەرەپنىڭ كۆرسىتىشى ئارقىلىق تىزىمغا ئالدۇرۇش ئۇسۇلىدىن باشقا، ‹‹شەھەرلىك پارتكوم، شەھەرلىك ھۆكۈمەت ئىچكى جەھەتتىن نامزات بەلگىلەپ قويىمىغان››لىقى تېخىمۇ دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئىشتۇر. بېيجىڭدىكى بۇ قېتىمقى كادىر تاللاپ ئۆستۈرۈش ئىشىنى بىر يېڭى خەۋەر دېيىش توغرا كەلسە، ئۇنداقتا، ئىچكى جەھەتتىن نامزات بەلگىلەپ قويۇلمىغانلىقى توغرىسىدىكى سۆزنى خەۋەرنىڭ كۆزى دېيىشكە بولىدۇ، بۇ خەۋەردىكى ئەڭ ئېسىل ئۇچۇرمۇ دەل شۇ سۆزدە.

يوشۇرۇش ھاجەتسىزكى، كادىر ئىشلىتىش مەسىلىسىدە بىزدە ھېلىغىچە بىرمۇنچە مەسىلە ساقلىنىۋاتىدۇ. يېقىندا مەركىزىي تەشكىلات بۆلۈمىنىڭ باشلىقى يولداش جاڭ چۈەنجىڭ «نەزەر» ژۇرنىلىدا ماقالە ئېلان قىلىپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: قاتراپ يۈرۈپ مەنسەپ تەلەپ قىلىش، مەنسەپنى سېتىۋېلىش-سېتىش ھەتتا ئالدامچىلىق ۋاستىسى بىلەن مەنسەپنى قولغا كەلتۈرۈش قاتارلىق رەزىل قىلمىشلار كادىر ئىشلىتىش مەسىلىسىدە چىرىكلىكنى پەيدا قىلدى. بىر جەھەتتىن، ئەمەلدار بولۇش كويىدا يۈرگەن بەزى كىشىلەر مەنسەپ ئۈچۈن ھامىي ئىزدەپ يۈردى؛ يەنە بىر جەھەتتىن، تەشكىلات خىزمىتىنى باشقۇرىدىغانلار ئۆز يېقىنلىرىنى ئىشقا قويدى، بىرلا كىشىنىڭ سۆزلىشىگە يول قويدى، ھەتتا ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ ئۆز نەپسىگە چوغ تارتتى. بەزىدە، تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلغان، ئاممىدىن پىكىر ئېلىنغان، ‹‹ئاشكارا تاللاش ئېلىپ بېرىلغان››دەك قىلغىنى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئىچكى جەھەتتىن ئاللىبۇرۇنلا ‹‹ئۆزگەرمەس پىكىر›› تەييارلاپ قويۇلغان، يەنى ‹‹بېرىلىدىغان باھا بېكىتىلىپ بولغان››. دېمەك، ئاتالمىش ‹‹تەكشۈرۈش››، ‹‹پىكىر ئېلىش››، ‹‹ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈش›› دېگەنلەر شەكىلۋازلىق ياكى رەسمىيەتچىلىكتىن ھەتتا بەزى چاغلاردا ‹‹پەردە ئارقىسىدىكى سودا››نىڭ مۇقەددىمىسىدىن ئىبارەت بولۇپ قالغان. جىنايىتىدىن قورقۇپ ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغان بېيجىڭنىڭ ھېلىقى مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى ۋاڭ باۋسېن ئەينى ۋاقىتتا خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ سايلىمىدا ئومۇمىي ئاۋازنىڭ يېرىمىغىمۇ ئېرىشەلمىگەن، ئاخىرى يەنە بىرلا كىشىنىڭ گېپى بىلەن زورمۇزور ئۆستۈرۈلگەن. گەرچە بۇنداق ئەھۋال ئايرىم ئەھۋال بولسىمۇ، لېكىن تەسىرى بەك يامان، ئاممىنىڭ پىكرى ناھايىتى كۆپ، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەممىگە ئايان، ئەلۋەتتە: بىرىنچىدىن، قابىلىيەتلىكلەرنى ئىشقا قويۇشقا، ياخشىلارنى ئۆستۈرۈشكە ئىمكانىيەت بولمايدۇ؛ ئىككىنچىدىن، قابىلىيەتسىز كىشىلەر ھوقۇق تۇتۇپ، ناچار ئادەملەر تەختكە چىقىۋالىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىغا بەرھەم بېرىپ، خەلق ئاممىسى ئارىسىدا يامان تەسىر قوزغاپ قويىدۇ؛ تۆتىنچىدىن، بىرلا كىشىنىڭ دېگىنى ھېساب بولىدىغان ھاكىممۇتلەقلىق ئىستىلىنى ئەۋج ئالدۇرىدۇ. قىسقىسى، بۇ ھال پارتىيە ۋە خەلقنىڭ ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. بۇنىسى ھەممىگە ئايان.

بىزنىڭ كادىرلىرىمىز — خەلقنىڭ خىزمەتكارى، خەلق ئاممىسىنىڭ بىر ئەزاسى، شۇڭا ئۇلار ئەلۋەتتە خەلق ئارىسىدىن كېلىدۇ، خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەر بىر سۆز-ھەرىكىتى ۋە ھەر بىر

تۆھپىسى-سەۋەنلىكىنى ئامما ئېنىق كۆرۈپ تۇرىدۇ. شۇڭا، كادىرلار ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈلسە، بارلىق شەرتلەر، تەرتىپلەر ئاشكارا ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئۇلار ئوخشاش بىر نۇقتىدىن "ئاشكارا مۇسابىقىلىشىش"كە قويۇپ بېرىلىپ، تەشكىلات تارماقلىرىنىڭ، خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە رەھبىرىي يولداشلارنىڭ نەزىرىگە قويۇلسا، ھەققىي "دۇلدۇل"لارنى تاللاپ چىققىلى بولىدۇ. بۇ خۇددى بىر مەيدان يېنىك ئاتلىتكا مۇسابىقىسىگە ئوخشايدۇ، قاتتىق مۇسابىقە قائىدىسى بولغان، مۇسابىقە يولى ئوخشاش بولغان، رېپېرىلىق ئادىل بولغان ۋە ئامما كۆرۈپ تۇرغان ئەھۋالدا، كىمنىڭ نوچى ئىكەنلىكىنى بىر قاراپلا بىلگىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، كادىر ئىشلىتىش تۈزۈمى ئىسلاھ قىلىنىۋاتىدۇ. ئاشكارا تاللاپ ئۆستۈرۈش ئىشىنىڭ مۇكەممەل بولمىغان يېرى بارمۇ-يوق؟ بۇنى ئەمەلىيەتنىڭ ئىسپاتلىشىغا توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا تېخىمۇ ياخشى چارە بارمۇ-يوق؟ بۇنىڭدىمۇ جايلارنىڭ يېڭى چارىلەرنى بارلىققا كەلتۈرۈشىگە توغرا كېلىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئۆز يېقىنلىرىنىلا ئىشقا قويىدىغان، قاتىراپ يۈرۈپ مەنسەپ تەلەپ قىلىدىغان، مەنسەپنى سېتىۋالىدىغان ۋە ساتىدىغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشايدىغان چىرىكلىكلەرنى تۈگىتىشنى نىشان قىلىپ، كادىر ئىشلىتىش تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈش جەريانىدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەرقانداق پايدىلىق ئىزدىنىشلەرنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك.

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابدۇللا**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ISSN 1006-5857

9 771006 585006 06

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5—V 刊号:ISSN1006—5857 / CN11—2498/D
邮发代号:2—373 定价:1.80元 邮政编码 100013